SWEDISH MISSION
S. M. F.
KASHGAR

# اوترا آسیانینك

# تأریخی

SWEDISH MISSION
S. M. F.
KASHGAR

# اوترا آسیانینك

# تأریخی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# اوترا آسیانینک

# تأریخی


کاشغر شهریده سویدیش میشیون نینک

باسمه خانه سیدا باسیلدی

١٩٣٦



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# اوترا آسیانینک تاریخی

اوترا آسیاداکی ترکلارنینک تأریخی بش دَوْرگا بولانادور :

**برنجی دَوْر** اصل چین‌نینک تأریخیداکی ترکلار بارەسیدین اوّلقی تا تعین خبرلاردین تارتیب تاریخ میلادی‌نینک تخمیناً ٥٥٠نجی غچه بولور. اول وقت تَوْکوی یعنی ترکلار اوّلاً معلوم ایکان (زنداوْستا دیکان کتابدا توُرا نام‌لیق بر خلق بارەسیدین یتولکان ایکان اما بو خلق ترکلار مو ویا ایماسمو تمام تعین ایماس)

**ایکنجی دَوْر** ترکلار تاریخیدا معلوم بولغاندین تارتیب تا ١٢٠٠ بیلان ١٣٠٠ یللارنینک آرالیقیدا بولغان مغوللارنینک هجوملاریغچه حریّت و مدنیت اوچون ترقّی قیلیش‌نینک بر زمانی دور.

**اوچونجی دَوْر** مذکوروقتدین یعنی چنکیزخان‌نینک جنکلاری بیلان باشلانغان خلقلارنینک چونک مهاجرتلاریدین تارتیب ١٦٠٠ بیلان ١٧٠٠ یللارنینک آرلیقیدا بولغان روسیەنینک هجومی بیلان تمام بولور.

**تورتونجی دَوْر** مذکور وقتدین تارتیب ١٩١٧نجی یلدا بولغان روسیەنینک انقلابیغچه بولادور.

**بشنجی دَوْر** روسیەنینک اوترا آسیاسیدا ١٩١٧دین تارتیب بو وقتغچه و شینکحانکدا ـ ١٩٣٣دین تارتیب بو وقتغچه بولادور.

SWEDISH MISSION
S. M. F.
KASHGAR

# برنجی دور

(قدیم زماندین تارتیب تخمیناً ۵۰۰ نجی یلغچه بولور)

اصل چین‌نینك همه‌دین کهنه تاریخ کتاب‌لاریدا چین‌نینك شمال طرفیده ساکن بولغان (هون یو یاکه شیونك نو) دیکان بر طائفه باره‌سیدین پوتولکان ایکان علم‌دارلار مذکور طائفه ترك جنسلیق هون ایکان دیب خیال قیسورلار لیکن شونی تمام توختاتالماب‌دور. هر قایداغ بولسه تعین ایکان‌که ۵۰۰ ـ ۶۰۰ ونجی یل‌لارنینك آرالیقیدا توکوی دیکان ترك جنسلیق بر کوچلوق خلق بار ایردی کینکی ترك خلق‌لارنینك اتا بابالاری بولوب مذکور هون یو دیکان طائفه‌نی اوز اتا بابالاری سانادیلار.

هون یو یاکه هونلار تخمیناً بریوز یل تاریخ میلاددین ایلکاری مغولستان بیلان چیلی، شانشی و اوردوس یورتیدا ساکن ایردیلار. اولار پاته‌چی خلق بولوب آط بیلان اُوی و قوی مال‌لاری نهایت تولا ایردی دیب مذکور وقتداکی بر خاقانی تاریخ تصنیف قیلغوچی پتوب‌دور. اولار اولوغ مدنیت تاپمای خط پتوشدین بی خبر بولوب اولارنینك فقط بر طبیعتلیك دینی بولسه هم مملکت اساسی بیلان قانونلاری محکم ایردی. اولارنینك طعامی تولاراق کوشت بیلان سوت و ایکین‌لاری تره بیلان کیکیزدین ایردی. آط مینشیکا چاپسان و چله کمان اتیشقه کامل ایردیلار. ۳۰۰ یل تاریخ میلاددین ایلکاری اولارنینك مملکتی شمالی خاقانیستاندین باشلاب مغولستاندین اوتوب سونکاریه‌غچه یتکان ایکان. میتی دیکان پادشاه‌نینك سلطنتیده اولارنینك مملکتی همه‌دین کوچلوق تورغان ایکان...

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# اوترا آسیانینک جهتیدین هونلار بیلان خاقانیلار ارا‌سیداکی سوقاش

خاقانیستان تسین خانلیق سلسله‌سی‌نینک وقتیدا ( ۲۵۵ ـ ۲۰۹ میلاد مسیح دین ایلکاری ) بر چونك پادشاه‌لیق بولغاندا هونلارنینک قبیله‌لاری هم مغولستان بیلان باشلاب سونکاریه‌غچه یتکان بر حکومت پیدا قیلدیلار . خاقانیلار اوز مملکتی‌نی شمالداکی هجوم قیلادورغان خلق‌لاردین ساقلاماق اوچون سد چین دیکان اوزون‌لوقی تخمیناً ۶۰۰ پوطی بر سفیل یاساغان ایردیلار .

هونلارنینک اوّلقی ترتیب قیلغوچی‌سی تومان ایردی اول اوزی ماو تون آتلیق عزت‌کا حریصدار بولغان اوغلیدین اولتورولدی . ماو تون اوّلاً مشرق طرفیداکی همسایه خلق‌لار بیلان سوقاشیب اولارغه غالب کلدی اندین کین جنوب داکی خاقانی‌لارغه هجوم قیلیب اولارغه جزا کلفت بولدی . خاقانی تاریخ کتاب‌لاریدا یازیلیب دورکه اول ۳۰۰ ۰۰۰ آطلیق عسکر بیلان فن دریاسیغچه چیقّان ایدی حان خانلیق سلسله‌سیدین بولغان کاو تی آتلیق خان ۲۰۰ ونجی یلیدا میلاد مسیح دین ایلکاری هونلار بیلان جنك قیلغالی چیقیب اولارنی کینکا یاندوردی لیکن آخر انی قورشادیلار و اول آران قول‌لاریدین قوتولدی . تخمیناً ۵۰ یل ایچیده بو ایکی مملکت بر بری بیلان سوقاشیب تورور ایردی . بر بری بیلان یوتوشکاندا خاقانی پادشاه‌لار بعضیدا هونلارنینک پادشاه‌لاریغه اوز قیزلارینی خاتونلوققه برماکچی بولدیلار . هونلار فقط خاقانیلار بیلان جنك قیلماي بلکه جنوب مغرب‌داکی خلق‌لارغه هم هجوم قیلدیلار بر نچه یوز یل میلاد مسیح‌دین ایلکاری ایمدیکی وقتدا کانسو دیکان ولایت‌نینک مغرب شمالی‌نینک بولونکیداکی و کوکونورنینک مشرق بیلان شمال طرفلاریدا یویچی دیکان بر طائفه اولتوردی . اولار تبیت طرفیدین کلکان ایکانمیش . اولارنینک هنرمندلاری خاقانیلارغه شیشه‌کرلیك هنرنی اورکاتیب

دورلار. قدیمقی یونانیلار اولارنی توخاری دیر ایردیلار. توخاری زبانی آریه‌لیک تیلیکا نسبت ایکان. تولا توخاری یا که یویچی کتابلاری کوچار و طورفان‌نینک اطرافلاریداکی قدیمقی شهرلارنینک ویرانه‌لاریدا تاپیلغان دور.

تخمیناً ۲۰۰ میلاد مسیحدین ایلکاری هونلار مذکور یویچیلارغه هجوم قیلدیلار. ۱۷٦ نجی یلدا (مسیحدین ایلکاری) هونلارنینک خانی ماو تون یویچیلارنی مغلوب قیلدی و ۱٦٥ نجی یلدا ماو تون‌نینک اوغلی **لاو شانك** اولارنینک پادشاهی‌نی اولتوردی. اول وقت یویچیلار قورقونجدین مغرب طرفیکا قاچتیلار. ۲۰۰۰۰۰ یا آتقوچیلار خاتون بلالاری بیلان ایلی‌نینک دره‌سیکا باردیلار. لیکن **وو سون** دیکان بر پاته‌چی طائفه اولارنی ایلیدین هیداب آتقاندا اولار تاشکند طرفلاریکا باریب اول یردین ساکه دیکان بر طائفه‌نی چیقاردیلار (اول طائفه مغرب ترکستان بیلان التهٔ شهرنینک تولا یرلاریدا بار ایردی و ختن‌نینک قدیمقی شهرلاری‌نینک ویرانه‌لاریدا تولا **ساکه**لیک کتابلاری تاپیلغان دور) یویچیلار هم **اوکسوس** یاکه **امو** دریاسی طرفلاریکا باریب اندا **آری** حکومتی ایچیده مدنیت اوچون ترقّی قیلدیلار. مذکور پادشاهلیقه تخمیناً ۱۵۰ یل میلاد مسیحدین کین کابل کشمیر بیلان هندستان مغرب شمالی تابع ایردی یویچیلار **کانیشکا** دیکان پادشاه‌نینک سلطنتیده **بودهی** دین ایچیده غیرتلیك بولوب هندی دین بیلان مدنیت‌نی اوترا بیلان مشرق آسیاغه ساچتیلار.

## خاقانیلارنینک هونلارنی قوشاماق اوچون جد جهد قیلیشی

حان خانلیق سلسله‌دین بولغان وو تی قیصر یویچیلارنینک پادشاهی اولتورولکانی و انینک فقرالاری‌نینک قاچقانی‌نی انکلاب ایمدی اوز دوشمن‌لاریدین انتقام آلماق اوچون من بیلان اتفاق بولغالی خواهلایدور دیب فکر قیلدی. انینک اوچون وو تی قیصر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

١٣٨ نجی یلیدا (مسیحدین ایلکاری) چانك کیئن دیکان بر کشی‌نی ایلچی قیلیب یوئچیلارغه ایبارڈی لیکن اول چانك کیئن هونلاردین توتولوب اون یل اسیر بولغاندین کین قاچیب کیتیب اوکسوس دریاسی‌نینك شمالی طرفیده ساکن بولغان یوئچیلارغه یتیب کلدی. اول کلکانده یوئچیلار ١٦٥ نجی یلدا بولغان واقعه‌نی اونوتوب قالیب مغولستانداکی ایلکارکی دوشمن‌لاری بیلان کاری یوق ایردی. بو سببدین چانك کیئن اول یرده بر یل توروب چینغه یانیب باردی. انکا بیورولغان سیاسی ایشلاریده رواجلیق تاپماغان بولسه هم انینك سفری بیکار بولمادی چونکه مغربداکی یورت‌لار بارهسیده ایتیب برسه خاقانیلار اول مملکت‌لار بیلان سودا قیلغالی قیزیق بولدیلار. اول وقتدین تارتیب خاقانیلار اوزینی هونلاردین ساقلاماق اوچون جنك قیلمای بلکه مغرب طرفلاریکا سودا اوچون چونك بر یول آچماق اوچون سو قاشور ایردیلار.

١٣٥ نجی یلیدا ووتی قیصر هونلارنی قورشاغالی آز قالدی لیکن بو سبب بیلان اولار انینك قصدیدین قوتولدیلار و اندین اون یل ایچیده نصرت بر وقت بر طرفکا بولوب ینه بر وقت باشقه طرفکا بولور ایردی. ١٢٥ نجی یلدا یکرمه یاشلیق حوکو بیمنك بله کون ایچیده هونلار بیلان سوقاشیب اولارنی حاضرقی کانسونینك مغرب شمالیدین چیقاردی. ١١٩ ونجی یلیدا اولارنینك آراسیدا ینه بر چونك سوقاش واقع بولدی انینك ایچیده هونلارنینك اولکان و اسیر بولغانلارنینك عددی ١٩٠٠٠ کشی ایردی مونینك بیلان هونلارنینك کوچی اوزون وقتغچه باسیلدی.

## شرقی ترکستان یاکه شینکجانك هونلار بیلان خاقانیلارنینك اوترا سیداکی جنککا کیریب قالیشی

مذکور وقتدا ایمدیکی شرق ترکستان یاکه شینکجانك تولا ولایت‌لارکا بولانکان ایردی. بعضی وقت‌لاردا ٣٦ بعضی وقت ٥٠ کچیك ولایت

شینکجانکده بار ایردی. هر شهر اوز چوره‌سی بیلان بر پادشاه‌لیق ایردی. مشرق جنوبدین تارتیب ختن یارکند کاشغر آقسو کوچار قرا شهر طرفان و لوب‌نورنینک یانیداکی لولان شهری مذکور پادشاه‌لیق‌لارنینک مشهورراقی ایردیلار. لولان شهریدین حاضرقی وقت‌دا فقط ویرانه‌لار قالیب دور.

اول کچیک پادشاه‌لیق‌لارنینک شمال طرفیداکی‌لار هونلارغه تابع بولغان ایردیلار جنوب بیلان مغرب جنوبداکی‌لارنینک خواه خاقانیستان خواه هونلار بیلان معامله‌سی یوق ایردی.

وو تی قیصر هونلارنینک هجوم قیلیشی‌نی پستلاتکاندین کین لولان و طرفان‌نینک پادشاه‌لاریغه غلغله قیلغالی باشلادی چونکه اول شهرلار مغربکا بارادورغان سودا یولی‌نی توسار ایردی. ١٠٨ نجی یلیدا مسیح‌دین ایلکاری چاو پو نو تا دیکان بر جنرال لولان‌نینک پادشاهی‌نی اسیر قیلیب طرفان‌نینک پادشاهی‌نینک اوستیکا نصرت تاپتی. مونینک بیلان مغربکا بارادورغان یول اوچوق بولدی. و قیصر اوزی هونلار بیلان اتفاقلاشقالی باشلادی ١١٥ نجی یلیدا چانک کیئن اتلیق بر آدم ایلی‌داکی وو سون دیکان طائفه‌غه ایباریلیب لولان بیلان طرفان مغلوب بولغاندین کین مدارانی یوتکوزدی مدارانی برپا قیلماق اوچون وو سون‌نینک پادشاهیغه خاقانی بر پادشاه‌نینک قیزی بریلدی (١٠٤)

هیچ بر نمه توسماغاندین کین خاقانیلار کانسو، لولان، طرفان و ایلی بیلان فرغانه‌غچه سودا اوچون بر یول تاپتیلار لیکن فرغانه‌نینک پادشاهی اولار بیلان سودا معامله ایشلاری‌نی خواهلامادی بو سببدین تولا کیچماچ واقع بولور ایردی و بر نیچه خاقانی ایلچیلار اولتورولکاندین کین وو تی قیصر ١٠٤ نجی یلیدا بو ضدلیق‌نی یوقاتماق اوچون بر قوشون ایباردی لیکن اول قوشون اوزون یولدا تولا مشقت تارتیب عاجزلاشیب فرغانه‌غه یتکانده مغلوب بولدی. ١٠٢ نجی یلیدا ینه بر قوشون (٦٠٠٠٠ عسکر) ایباریب فرغانه‌نی الیب اینک تختیغه باشقه بر پادشاه‌نی اولتورغوزدی. اندین کین کاروانلار خاقانیستاندین ایمدیکی روسیه ترکستانیغه بارور ایردیلار.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خاقانیلارنینگ مذکور جنگلاری بیلان اوترا آسیاداکی کچیک مملکتلارنینگ تولاسی خاقانیستانغه توتاش بولدی و ختن هم خاقانیلارغه تابع بولدی. هر قانداغ بولسه خاقانیلار اوترا آسیاغه یالغوز ایگادارچیلیق قیلمای بلکه هونلار بر نیچه مرتبه اوتراغه کیریب خاقانیلارنینگ آلیش بریشینی کسار ایردیلار. وو تی قیصر یاشانغان کونلاریده اوز سردارلاریغه انداغ ظلم سالدیکه اولارنینگ بری سوقاشدا مغلوب بولسه بعضیدا اوز اهل بیتلاری بیلان اولتورولدی بو سببدین قیصرنینگ همه‌دین بهادر قهرمانلارینینگ بر چونگ عددی هونلارغه اوتوب الدیلار. مونینگ بیلان خاقانیلارنینگ کوچی اوترا آسیادا کمراك بولدی.

وو تی قیصردین کینکی ایکی قیصرنینگ سلطنتیده لولان، طرفان، کوچار و یارکند ینه خاقانیستانغه تابع بولدی لیکن هونلار ینه یات طرفاننی آلدیلار. ٦٠ نچی یلیدین تارتیب هونلارنینگ پادشاهلیقی اوز ایچیداکی جنگلار و نا اتفاقلیق بیلان عاجزلاشقالی توردی. مونینگ بیلان خاقانیلار تاریم یورتلاریدین یتورکاننی ینه تارتیب آلدیلار. ٥٩ نچی یلیدا مسیحدین ایلکاری جانك کی شرق ترکستاننینگ همه ٣٦ ولایت اوستیگا والی بولدی و انینگ اولتورا دورغان جایی وو لئی ایردی. اول وقتدا کانسودین لولان، چرچن، کریا، ختن، یارکند و پامیر تاغلاریدین اوتوب باکتریه و کشمیرداکی یویچیلارنینگ مملکتیگا بر یول اچیلدی.

# هونلارنینگ اوزاراسیداکی جنگلار.

بالدور معلوم قیلینغاندیك ٦٠ نچی یلیدین (مسیحدین ایلکاری) تارتیب هونلارنینگ اوز اراسیدا جنگ و نا اتفاقلیق پیدا بولغان ایردی. مذکور جنگلار هونلارنینگ پادشاهلیقینینگ بولانماقیگا سبب بولدی. هونلارنینگ جی‌جی خان دیگان بر خانی مغولستانداکی کهنه یورتلاراوستیده سلطنت قیلور ایردی لیکن حوحان سیمئی خان

اوزینی خاقانیستان نینك حمایتیکا تاپشوروب خاقانی خاندین یاکه قیصردین سدچین دیکان سفیل نینك یانیدا اولتورغالی اذن تاپتی - ۵۱ نجی یلیدا اول چونك عزّت بیلان قیصرنینك تصرّف پادشاهیدیك قبول قیلیندی. خاقانیلارنینك یاردمی بیلان چی‌چی خان نی مغرب طرفیکا هیداب اتّی. چی‌چی خان ایلی درەسیداکی وُوسون طائفەنی مغلوب قیلیب سونکاریەدە بر چونك مملکت پیدا قیلدی. سوغدیانەنینك پادشاهی ایمدی وُوسونلارنی باسقالی بر یاری برکوچی تاپتیم دیب خوش بولوب چی‌چی نی سوغدیانەنینك اطرافیدا اولتورغالی تکلیف قیلدی. سمرقندنینك یقینیدا اوزیکا بر قورغان یاساب چورەسیداکی یورتلارغە ظلم سالیب انی تکلیف قیلغان سوغدیانەنینك پادشاهیغە هم آرام برماس ایردی لیکن بر خاقانی ایلچی‌نی اولتورکاندە خاقانیلارنینك انتقامی خیال بولمادی. ۳٦ نجی یلیدا مسیح‌دین ایلکاری تاریم یورتلاری‌نینك والی‌سی بر قوشون ییغیب سوغدیانەداکی هونلارغە هجوم قیلیب چی‌چی خان نی اولتوروب انینك باشی‌نی خاقانیستانغە ایباردی. مونینك بیلان مغرب‌داکی هون مملکتی یوقالدی و حو حان سیئی خان خاقانیلارنینك حمایتیدە تورغانی اوچون اتا بابالاری‌نینك اُورخون دریاسیداکی اورداسیدا اولتوردی.

هونلار مغلوب بولغاندین کین خاقانیستان مغرب یورتلاری بیلان قیلغان الیش بریشی ینە باشلانیب کوچلوق بولدی و میلاد مسیح‌دین بر نچە یل ایلکاری هم کشمیر بیلان الیش بریش باشلاندی - خاقانیلارنینك مدنیتی هونلارنینك‌کی‌دین ایکیزراك بولغانی اوچون غالب بولوب اوترا آسیانینك اوستیکا ایکادارچیلیق قیلدیلار.

## خاقانیلارنینك اوزاراسیداکی جنك لار هونلار اوترا اسیاغە ینە ایکادارچیلیق قیلماقیغە سبب بولماقی

بر نچە یل میلاد مسیح‌دین ایلکاری خاقانیستاندا تخت مرتبەسی بارەسیدین جنك لار بولدی و اول وقت وانك مانك دیکان بر کشی سلطنتی‌نی اوز قولیغە الدی.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

خاقانی حکومت بو جنکلار بیلان عاجزلانغان وقتدا هونلار ینه اوتر آسیانینك اوستیکا خواجه بولور ایردیلار. ٢٥ و ٣٥ یللارنینك آرالیقیدا (مسیح‌دین کین) هونلار فقط شمال طرفداکی تاریم ولایتلارینی الماى بلکه هم شمالی کانسونی اوزیکا تارتیب الدیلار. تاریم جنوب طرفداکی ولایتلار اوزیکا قایلار ایردیلار. اولارنینك آراسیدا یارکند ولایتی همه‌دین کوچلوق بولوب جنوبی تاریم‌نینك کچیك ولایتلاریکا حمایت قیلماق اوچون خاقانی قیصردین بر التماس قیلدی لیکن قیصر تعین اوچور برمای خواهلاماغاندیك تورسه. یارکندنینك پادشاهی خفه بولوب ٤١ نجی یلدا (مسیح‌دین کین) خاقانیستان بیلان قیلغان همه سیاسی ایشلارینی کسیب تاریم‌نینك مغربیده اوزیکا بر چونك حکومت پیدا قیلدی. یارکند حکومتی کوچارغچه یتیب ایردی و اول شهر اوستیکا یارکند پادشاهی اوز اوغلی‌نی پادشاه تیکلادی.

لولان، طرفان و قراشهرنینك پادشاهلاری یارکند پادشاهی بیلان هونلارنینك ظلمیدین هاریب کتیب اولارنینك ضدیغه بیزکا یاردم برکیل دیب ٤٥ نجی یلیدا خاقانی قیصردین بر التجا قیلدیلار لیکن قیصر خاقانیستان‌نینك ایچیداکی سیاسی ایشلاری بیلان مشغول بولوب یاردم برالماس ایردی.

# هونلارنینك حکومتی‌نینك عاجزلانماقی و یارکند حکومتی‌نینك یوقالماقی

قرق التنجی یلدین تارتیب بر نچه یل ایچیده هونلارنینك یایلاقلاری بار یرلارده قاتیق قوروقچیلیق واقع بولدی. مونینك بیلان هونلارنینك آراسیدا چونك ناراضیلیق پیدا بولوب نااتفاقلیق باشلانور ایردی. حوحان سیمئی‌نینك بر اوغلی خاقانیستان‌نینك سرحدیکا باریب اولتوروب قیصرنینك حمایتیده بولوب قالدی. اول وقت‌دین تارتیب بولار جنوبی هون یو اتاندیلار. خاقانلارغه اوتوب الماغان خان اوز خلقی بیلان شمالی هون یو اتاندی. مذکور هونلار اوّلاً رواجلیق بیلان اوترا

آسيا اوستيكا ايكادارچيليق قيلماق اوچون جد جهد قيلور ايرديلار. يات فرصتده شان شان (لولان) طرفان ، قرا شهر و كوچار اولارنينك قول استيدا بولدى و هم مغربداكى ولايتلار بيلان معامله قيلور ايديلار.

ختنده هيو مو پا ديكان سردار اوزينى پادشاه قيلغان ايدى ليكن يارکند بيلان سوقاشقانيدا اولتورولدى. اول وفات بولغاندين كين انينك برادرىنينك اوغلى جنكنى قيليب يارکند، كاشغر و ينه برنچه ولايتلارنى اوزيكا تابع قيلدى. اسمى كوانك تو ايدى. هر قايداغ بولسه اول كوانك تو هونلارغه يقين تورور ايردى و بر هون انينك اورداسيدا ساكن ايردى. اول وقتدا هونلارنينك كوچى تاريم يورتلاردا چونك ايردى ليكن خاقانيستان ينه قوتلانيب مينك تى قيصرنينك سلطنتيده غيرى يورتلار بيلان ايلكاركى سياسى ايشلارنى قيلادورغان بولدى (٥٨ ـ ٧٦ يللارده) ٧٣ نجى يلدا مينك تى قيصر بر قوشون ايباريب باركول تينكزىنينك يانيدا هونلارنى مغلوب قيلدى و ٧٤ ونجى يلدا طرفان خاقانيلارغه اوتّى.

مذكور جنكلار ايچيده پان چاو ديكان بر كشى شهرت تاپتى و مينك تى قيصر هونلارنينك ضديغه منكا ياردم بركوچيلار تاپسون ديب انى ايباردى. پان چاو اوترا آسيانينك تاريخيداكى همهدين عجائب كشىلارنينك برى ايكان. اوتوز يل ايچيده اول اوزى حيله و شجاعت بيلان خاقانيلارنينك حكومتىنى اوترا آسيادا بنا قيلور ايردى. اوّلقى جرئتليك سوقاشىنى شانشاندا قيليب ٣٦ پهلوان آدم بيلان هونلارنينك سفارتخانهسيداكى همه كشيلارنى چاناب خاقانيستانغه اطاعت قيلامن ديب مضطرب بولغان پادشاهنى قسم قيلغالى زورلادى. اندين كين نهايت آز قوشون بيلان ختننينك پادشاهى كوانك تونى اورداسيداكى ساكن هوننى اولتوركالى و خاقانيستاننينك قيصريغه قايلارمن ديب اقرار قيلدوردى. مونينك بيلان تاريمنينك مشرق جنوبىنى اوز قوليغه اليب اندا بر قوشون قويدى. اوز عسكرلارينى تولاراق خاقانيستاندين تاپماى بلكه انكا دوست بولغان شهرلاردين الور ايردى. بر وقت بر شهر بيلان ينه بر وقت باشقه شهر بيلان اتفاق بولوب كچيك مملكتلارنى بر بريكا ضد

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قوپارغانی بیلان اوز سیاسی ایشلارینی مانکدورور ایردی. هونلار ۷۳ نجی یلدا بر نچه مرتبه مغلوب بولغاندا و پان چاو شان‌شان و ختن شهرینی آلغاندا کوچار پادشاهی کیمنی کاشغرنی هونلارغه آلدورغان ایردی. پان چاو اوز ختن عسکرلاری بزله ینه کاشغرنی تارتیب ایلکارکی پادشاه‌نینک اوغلی‌نی سلطنت قیلغوچی قیلدی لیکن شمالداکی چونکراق مملکتلار یعنی قراشهر، کوچار و آقسو اینکدین کاشغرنی الماق اوچون بر قوشون ایباردی. اول وقت خاقانیستان‌نینک ینکی قورولغان والی هم قراشهر عسکرلاریدین اولتورولدی. مونینک همه‌سی بیلان خاقانیستان‌نینک اوترا آسیاداکی سیاسی ایشلاری اُمیدسز کوروندی و چانک‌نی قیصر خاقانیستان‌نینک اوترا آسیاداکی سیاسی ایشلارینی یوقاتقالی خواهلاب پان چاونی کاشغردین خاقانیستانغه قیچقیردی. پان چاو کاشغردین چیقّاندا شهر درحال هونلارنینک قولیغه توشتی لیکن اول ختنگکا کلگانده. شهرنینک خلقی کتما کیل دیب یالباردی و ایتلورکه خلق اینک آطی‌نینک پوتلارینی قوچاغلاب مینیب کتیش‌نی توستی. اول وقت پان چاو قیصرغه بر التماس نامه‌نی یوروب تاریم یورتلاری خاقانیستانغه قایداغ منفعتلیك بولغانی‌نی بیان قیلدی. مونینک بیلان قیصر پان چاوغه توختاغالی اذن بریب انکا قوشونلار ایباردی. ایکی یل ایچیده اول ختنده و یارکنده هونلار و تاریم‌نینک شمال طرفیداکی مملکتلارنینک ضدّیغه جنك قیلیب توردی. وُوسوندین و سوغدیانه‌دین امداد قوشونلار تاپتی و طرفانغه جنك قیلغاندا هندی اریلار انکا یاردم بردی. هندی آریلار بیلان دوشمن بولغاندا اولار ۹۰ونجی یلدا ۷۰۰۰۰ عددلیك بر قوشون‌نی اینك ضدّیغه ایباردیلار. پان چاو مذکور قوشون‌نینک بر حصه‌سی‌نی مغلوب قیلغانی بیلان قالغانلاری یانیب کتّیلار. ۹۱ونجی یلدا قراشهردین باشقه همه تاریم یورتلاری تابع بولغان ایردی و خاقانیستان اوترا آسیادا اوز قدیمقی مملکتلارینی یاندوروب الغان ایردی. پان چاو همه مذکور ولایتلار اوستیکا والی بولدی و اینک پای تختی کوچار ایردی. اول ۱۰۲ نجی یلغچه تاریم یورتلاری اوستیکا دیکته توردیك سلطنت قیلور ایردی. اول وقت ۷۰ یاشار بولوب

اتا بابالاری نینك قبرلاریده دفن قیلینماق اوچون خاقانیستانغه یانیب باردی. پان چاو نینك اوغلی پان یونك اتاسیدین کین والی بولوب عقل لیق بیلان سلطنت قیلیب اوترا آسیاداکی مملکتنی خاقانیستانغه ساقلار ایردی. هر قایداغ بولسه اول کچیك ولایتلار بردین بردین اوزینی ازاد قیلغالی باشلار ایردی. بعضیلاری هونلارنینك یاردمی بیلان آزاد بولدی. بعضیلاری اوز اوزینی آزاد قیلورلار ایدی. لیکن تجارت یوللاری مونینك بیلان بند بولمادی و اول یوللارنینك آچیلماقی اوچون خاقانیستان جد جهد قیلغان ایردی.

خاقانیستاندین مخصوصاً شایی اوترا آسیانینك چوللاری و تاغلاریدین اوتادورغان اوزون یوللار بیلان مغرب طرفیکا ایباریلیب آخر رومالیقلارغه قیمت ساتیلور ایردی. مونینك اورنیدا خاقانیلار آلتون، کموش، شیشه، عطره و باشقه باشقه نرسهلار تاپار ایردیلار.

# مغرب آسیا بیلان اوروپانینك مدنیتی مشرق طرفیکا تارقاتیلماقی

اوترا آسیاداکی تجارت یوللاری فقط سودا ایشی اوچون بولمای بلکه هم مغرب نینك مدنیتینی مشرققه تارقاتور ایردی. بو طریقهده خاقانیستانغه بیده و تال تریشی الیب باریلدی. مذکور کیاه و میوه درخت خان خانلیق سلسلهسی نینك وقتیدا فرغانهدین تاریم یورتلاریغه کلتورولدی.

مشرق خلقلاری مغرب مدنیتلیك عالمی بیلان توتاش بولغاندین کین اولارنینك عالم بارهسیداکی علمی چونکراق بولدی لیکن مذکور تجارت یوللار بیلان تاریم یورتلاریغه و اندین خاقانیستانغه کلتورولکان ینکی دین مشرق خلقی نینك توروشی و خیالی نینك تبدیل بولوشیغه تخی چونك سبب بولدی. اول وقت اوترا آسیاغه کلتورولکان دین بودهی دین ایردی (باشلاغوچیسی ٥٦٠ یل مسیحدین ایلکاری توغولغان فیلسوف کوتاما ایکان) اول دینِنی اوترا آسیاغه الیب بارغوچیلار هندی آریلار ایردیلار — ١٥٠ نچی یلدا بودهی دین خاقانیستاندا کوچلوق بولغان ایردی. اول وقت خاقانیستان نینك پای تختی لویانك شهریدا

هم هندستاندین هم ختن، کاشغر، کوچار و باشقه باشقه طرفلاردین بودهی مبشرلار بار ایردیلار و مونینکدین معلوم بولورکه بودهی دین اول وقت اوترا آسیادا کوچ تاپیقان ایردی.

فقط خاقانیستان مغرب مدنیتیلیک یورتلاردین منفعت تاپمای بلکه مغربی یورتلار هم خاقانیستاندین هنر اورکانور ایردی مثلاً تسای لون دیکان کشی ١٠٥ یلدا مسیحدین کین بر قسم کاغذ اتکالی باشلاب ایردی و حاضرقی وقتدا ختن و یارکندده اتکاندیك اول وقتدا هم اوخشاش طریقهده کاغذ اتکان ایکان و تخمیناً ١٥٠ یل مسیحدین کین لولاندا کاغذ بار ایردی.

# حان خانلیق سلسلهسینینك توشماکی و هونلار بیلان باشقه پاتهچی خلق شمالی خاقانیستانی الماقی

تخمیناً ٤٠٠ یل ایچیده خاقانیستاننینك تختیده اولتورغان کوچلوق حان سلسلهسی بارغان ساری عاجزلاب بوزولغالی باشلادی و خاقانیستان اوچ مملکتکا بولاندی. حان خانلیق سلسلهسی توشکاندین کین جنوبداکی هونلار شمالی خاقانیستاندا سلطنت و کوچ تاپقالی جدجهد قیلدیلار — حان خانلیق سلسلهسینینك بنا قیلغوچیسی لیو پانك (کاو تی) هونلارنینك خانی مهاو تون بیلان صلح قیلغاندا انکا قیزلارینینك برینی خاتونلوققه برکان ایردی. مونینك اوچون جنوبداکی هونلارنینك خانلاری حان خانلیق سلسلهسیدین ایکانمیز دیب اوزینی لیو آتادی.

شمالی مغولستاندا تونکوز دیکان طائفهلار شمالداکی هونلارنینك اورخون دریاسینینك یانیداکی ساکن یرلاریده اولتوروغلوق ایردی. مذکور طائفهلار پات فرصتده انداغ ضدلیق کورساتیکه وو قیصر ٢٧٩ ونجی یلیدا اوترا آسیاغه

بارادورغان يول‌لار توسولماسون ديب كانسونينك مغرب شماليغه بر قوشون ايباردي.
تيبت‌ليك خلق‌لار هم بولاماق اوچون چانك ان ديكان كهنه پاي تخت شهرغچه چيقتيلار.

جنوب‌داكي هونلار خاقانيستانغه تابع بولغان وقت ايچيده خاقانلاردين ترتيب اورگانيب كوچلوق بولغان ايكان. اول وقت شان‌شي‌نينك خلقي‌نينك ياريم عددي هونلار ايردي — ٣٠٤ نجي يلدا اولارنينك خاني ليو يوان فن دره‌سيده (حاضرقي پينك يانك) ساكن بولوب اندا بر ترتيب‌ليك پادشاه‌ليق پيدا قيليب اوزيكا خان نينك پادشاهي ديب ات قويوب شمالي خاقانيستان‌نينك ضدّيغه جنك قيلغالي باشلادي. ٣٠٨ نجي يلدا هون خانلاري‌نينك قوشونلاري سلديك چوره‌سيداكي ولايت‌لارغه كلديلار. ايكي يلدين كين هونلار يانك‌چيكيانك درياسي‌نينك شمال طرفيداكي يورت‌لارني آلغان ايردي. لو يانك شهري ٣١١ نجي يلدا الينديِ و حواي قيصر اسير بولوب خان‌نينك پاي تختي پينك يانك‌غه ايباريلدي.

ليكن هونلار اوزون وقت شمالي خاقانيستاندا يالغوز خواجه بولماديلار. اي لو اتليق توپا ديكان تونكوزلارنينك بر غيرتليك خاني بار ايردي و ٣١١ - ٣١٥ يل‌لارنينك آراليقيدا هونلار و تونكوز خلقي بر بري بيلان قاتيق سوقاشور ايرديلار. اي لو خاندين كين يو لو خان بولدي و اول التاي بيلان سونكاريه‌غه جنك قيليب الغان ولايت‌لار بيلان توپا حكومتي‌ني كوچلاندوردي.

هونلارنينك پادشاهي ليو تسونك ٣١٨ نجي يلدا اولكانده پينك يانك‌نينك اورداسيدا انقلاب بولدي وليعه‌نينك اهل بيت‌لاري‌نينك همه‌سي اولتورولديلار. مونينك بيلان پادشاهليق ايكي حصه‌كا بولاندي. مغرب‌داكي حصه اوستيكا ليو ياو و مشرقداكي حصه اوستيكا شي لو سلطنت قيلغوچي بولدي — ٣٢٩ ونجي يلدا اول ايكي پادشاه لو يانك پاي تختي باره‌سيدين بربريكا جنك قيلور ايردي. شي لو غالب بولدي و مونينك بيلان مشرقداكي هونلار تمام شمالي خاقانيستان اوستيكا ايكادارچيليق قيلور ايرديلار ليكن شي لو اولكانده (انينك اوكاي برادري) شي هو حكومت‌ني اوز قوليغه اليب شي لونينك همه اهل بيت‌لاريني اولتوردي (٣٣٣) و شي هو وفات

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغاندا انینك باقّان اوغلی شی مین اوكای اتاسی‌نینك اهل بیتلارینی قتل قیلدی ( ٣٤٩ ). خلق بو قان توكولماكی اوچون قویقاندا شی مین خطای فقرا لاریدین یاردم ایستادی. خطایلار هونلارنی یمان كوروب اوز یورتی‌نی باسقان بیگانه لاردین انتقام الغالی طیار توردیلار و هونلارنینك اراسیدا انداغ قان توكولماك واقع بولدیكه فقط پای‌تختدا تخمیناً ٢٠٠٠٠٠ هون اولتورولدی. بو هیبتلیك قان توكولماكی هونلارنینك پادشاهلیقی‌نینك یوقالماقیغه سبب بولدی. ٣٥٠ نجی یلدا شمال مغربداكی تونكوزلارنینك امیری ما یونك بر قوشون بیلان كلیب شی مین‌نینك چونك قوشونی اوستیكا غالب بولدی و ایكی یلدین كین هونلارنینك پای تخت شهری الیندی و شی مین پادشاهنینك باشی كیسیلدی.

## تونكوز دیگان طائفه‌نینك حكومتی

هونلارنینك پادشاهلیقی توشكانده تونكوزلاردین باشقه خلقلار هم هونلار نینك یریدین الور ایردیلار.

مغرب شمالیداكی شن‌شی تونزلانك‌لاریدا بر ینكی كوچلوق پادشاهلیق پیدا بولدی. تیبتلیك‌لار بیلان توقانچیلیقی بولغان فو اتلیق بر خانلیق اهل بیت انی بنا قیلغان ایردی. ٣٥١ یلدا انینك سلطنت قیلغوچی‌سی فو كیئن چین‌نینك پادشاهی دیب اوزیكا نام قویدی. مایونك‌نینك استیداكی مشرقی تونكوزلار اوز اراسیدا نا اتفاقلیق و جنك چیقّانی اوچون عاجزلاشقان ایردی. امّا فوكیئن‌نینك استیداكی تونكوزلار وانك منك اتلیق خاقانی بر وزیرنینك یاردمی بیلان شمالی خاقانیستان‌نی اوزیكا تابع قیلدی. ٣٨١ نجی یلدا انینك پاشاهلیقی كوریه یاریم جزیره‌دین تاریم اوترا آسیاغچه یتكان ایردی. اول وقت فوكیئن اوزینی قیصر و اهل بیتی‌نی چین سلطنت سلسله‌سی ( ٣٨١ ده ) اتادی.

فوكیئن‌نینك چونك نصرتلاری هم اوترا آسیاغه تأثیر قیلدی. حان خانلیق سلسله‌سی توشكاندین كین چونكراق حكومتلار تاریم ولایتلاری‌نینك

سلطنت ایش‌لاریغه ارالاشماغان ایردی . لیکن شان شان بیلان طرفان‌نینک پادشاه لاری فوکیئن‌نینک نصرت‌لاری بارەسیدین انکلاغاندا شانک آن‌غه سفر قیلیب فوکیئنکا آلبان برب خان سلطنت سلسلەسی‌نینک وقت‌لاریدا قیلغاندیک تاریم یورت‌لار اوستیکا بر والی قویغیل دیب التماس قیلدیلار. فوکیئن شونینکغه خوش بولوب **لوکوانک** دیکان سردارنی تاریم یورتلاریغه والی قیلیب ایباردی . شان شان، طرفان و قرا شهر اوز خواهشی بیلان فوکیئنکا تابع بولدی.

لیکن تونکوزلارنینک حکومتی اوزون تورمادی. فوکیئن ایلکارکی سلطنت قیلغوچیلارنیک مغلوب بولغانلارنی اولتورمای بلکه اولارنی تونکوزدیکان طائفه و خطای‌لار بیله اولتوغوزور ایردی . فوکیئن ٣٨٣ ونجی یلدا جنوبی خاقانیستان‌نی اوزیکا تابع قیلماق اوچون جنک قیلغاندا مغلوب بولدی. اول وقت ارالاش فقرالارنینک اراسیدا انقلاب چیقتی و تونکوزلارنینک حکومتی سل انی الیب کتکاندیک یوق بولوب کتتی.

# انقلاب وقتی - توپا تونکوزلار ویی اتانیب شمالی خاقانیستاندا کوچ تاپماقی

تونکوزلارنینک مملکتی توشکاندین کین تولا انقلاب و نا اتفاقلیق چیقتی و شمالی خاقانیستاندا تولا کچیک مملکت‌لار پیدا بولدی. تاریم یورت‌لاری‌نینک والی‌سی لوکوانک هم نانشان اطرافلاریدا **هو لیانک** دیکان بر پادشاه‌لیق بنا قیلدی. اول پادشاه‌لیق ٣٨٦ یلدین تارتیب ٤٠٠ یلغچه قرار تاپتی لیکن پات فرصت‌ده توپا تونکوزلار ینه کوچلوق بولوب ویی اتانیب شمال طرف‌لارده پراکنده‌لیک‌لارنی توزلار ایردی. یوز یلدین چونکراق وقت ایچیده مدنیت کلتوروب شمالدین هجوم قیلغان یاوا خلق‌لاردین شمالی خاقانیستان‌نی ساقلار ایردی .

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# اواریلار، اویغورلار و افتالیلار

تخمینا تورت یوز یل میلاد مسیح‌دین کین مغولستان‌نینک مشرق طرفلاریده اواری دیکان خلق اولتوروغلوق ایردی (خاقانیلار اولارنی یوپان اتادیلار) اولار تونکوز لار بیلان توقّان ایکانمیش.

٤٢٤ نجی یلدین تارتیب اواریلار شمالی خاقانیستانداکی ویی بیلان جنک قیلغالی باشلاب یوز یل ایچیده سوقاشور ایردی — ٤٢٩ ونجی یلدا ویی سونکاریه‌داکی قرغیز لار بیلان شریک بولدیلار وهم آلتای اطرافلاریدا اولتوروقلوق کاوکی یاکه تولو دیکان قبیله‌لاردین یاردم تاپتیلار. مذکوز قبیله‌لار اویغورلارنینک آتا بابالاری ایکانلار. هرقایداغ بولسه اواریلار نصرت تاپتیلار و اولارنینک مملکتی بارغان ساری طرفانغچه یتار ایردی. مونینک بیلان اواریلارنینک حکومتی تاریم یورت‌لاریغه یقین کلمکان ایردی. تاریم یورت لاری ٤٣٥ — ٤٣٧ یل‌لاردا اوز خواهشی بیلان ویی مملکتیکا تابع بولغان ایردی. بریوز یل ایچیده تاریم یورت‌لاری‌نینک سیاسی ایشلاری پات پات تبدیل‌لیك تاپار ایردی. بعضیدا اوزینی آزاد قیلب بعضیدا ویئی قیصرلاریغه قایلاب بعضیدا اواریلارغه تابع ایردیلار هر قایداغ بولسه اواریلار ٥٥٢ نجی یلغچه اوز کوچی‌نی ساقلار ایردیلار.

افتالیلار اولا بر کچیك پاتــه‌چی خلق بولوب اواریلارغه تابع ایردیلار. خاقانیلار اولارنی هوآ و هم ییی تنا دیر ایردیلار و قایسی جنسدین بولغانی معلوم ایماس. ٤٥٥ نجی یلدین تارتیب افتالیلار یاکه آق هونلار اوکسوس دریانینك یانیدا اوزیکا چونك بر مملکت قورار ایردی. اولارفارسیلارغه تولا دوشمن بولوب هندی آریلار یاکه یویچیلارنی اوزیکا تابع قیلیب شمالی هندستان بیلان ایراندا بر کوچلوق پادشاهلیق بنا قیلدیلار و اولارنینک حکومتی هم تاریم یورت‌لاریغه یتی چونکه ٥١٩ ونجی یلدا کاشغر و ختن افتالیلارغه تابع ایردیلار ـ اواریلار افتالیلار بعضیده بر بری بیلان اتفاق همعهد ایردیلار.

# ٢٥٠ نجی یلدین تارتیب تا ٥٥٠ نجی یلغچه بولغان مدنیت ترقی

ایلکاری بیان قیلینغاندیك اوترا آسیادا تولا انقلاب بولغان و چونك مملکت لار تاریم‌داکی کچیك ولایت‌لار باره‌سیدین تالاشقان ایردی. لیکن تاریم یورت‌لاریدین اوتوب مغرب‌داکی یورت‌لار و خاقانیستان‌نینك اراسیغه اچیلغان تجارت یول‌لاری بند بولمادی. اول وقت‌دا مغرب‌نینك مدنیتی سودا کاروانلاری برله اوّلاً تاریم یورت لاریغه اندین‌کین خاقانیستانغه یتار ایردی. بودهی‌نینك یوتی هندستاندین روحانی و جسمانی مدنیتی سلدیك اوترا آسیاغه کلور ایردی و فقط دین ایماس بلکه انینك بیلان عمارت یاساشی، سیزیق هنری بیلان عکس صورت هنرینی کلتورور ایردی. یونانیستان نینك هنری شمالی هندستان‌نینك مذکور هنریغه تأثیر قیلغان ایردی. ختن، کوچار و طرفان‌نینك قدیم‌قی شهرلارنینك و ایرانلار بیلان قورام غارلاریدا ایمدیکی وقت لارنینك علم‌دارلاری عجائب چیرایلیق هنرمند سیزیق بیلان صورت‌لار تاپقان دور. اوترا آسیانینك هواسی تولا قوروق بولغانی اوچون بو وقتغچه ساقلانیب ایکان. بودهی دین‌نینك اوترا آسیادا تارقاتیلغانی باره‌سیدین سوز بولسه ایکی کشی‌نینك اسم لارینی دیب برماك لازم دور یعنی هندی **کومارایبوا** و خطای **فا شیئن**

کومارایبوا بر هندی سیاسی کشی‌نینك اوغلی ایدی. انینك آتاسی بودهی بولوب کوچارغه سفر قیلیب انداکی پادشاه‌نینك قیزینی خاتونلوقغه الدی. کومارایبوا چونك بولغاندا علم جهتیدین کشمیرکا بر سفر قیلدی. یانیب کلگانده اوز تقوادارلیقی بیلان چونك بیلیشی اوچون مشهور بولدی.

**لوکوانك** سردار ٣٨٢ نجی یلدا کوچارنی الغاندا کومارایبوانی اسیر قیلدی لیکن کینراك کومارایبوا انینك ینگی مملکتیده مصلحت برگوچی بولدی. بودهی دین کتاب‌لاریدین ٤٢٥ کتاب‌نی خاقانی تیلیغه ترجمه قیلغان ایمیش. **فا شیئن** خاقانی

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوروغیدین بولوب زاهدلیککا تربیت قیلینغان ایردی. اول اوزی خاقانی تیلیدا بار کتاب‌لارینی کفایت کورمای تولاراق کتاب تاپماق اوچون هندستانغه بارغالی خواهلار ایردی. ۳۹۹ نچی یلدا اوز اوزون سفرینی باشلاب تولا حادثه اوتکاندین‌کین طرفانغه کلدی. اندین‌کین چولدین اوتوب ختنکا باردی. ختن اول وقتدا بودهی‌نینک بر بهشتیدیک ایردی و اندا زینتلیک عبادت خانه‌لار بیلان چونک خانقاه‌لار بنا قیلینغان ایردی. خانقاه‌لارنینک بریده اوچ مینکچه زاهد تورغان ایمیش.

فاشیئن ختندین چیقیب پامیردین اوتوب کشمیر و هندستانغه سفر قیلدی. اندا تولا یل توروب خانقاه‌دین خانقاه‌غه باریب تولا کتاب ییغار ایردی. کینراک اول خاقانیستانغه دریای محیط بیلان یانیب نانکیندا اولتوروب معلم بیلان ترجمه ایشنی قیلیب توردی. اوز سفرلار بارهسیدین هم کتاب یذوب دور و مونینکدین اورتا آسیا نینک اول وقت‌لارداکی احوالی معلوم بولادور.

# ایکنجی دَوْر

(٥٥٠ نچی یلدین تارتیب ۱۲۰۰ بیلان ۱۳۰۰ یل‌لارنینک ارالیقیدا بولغان مغول‌لارنینک هجوم‌لاریغچه بولور).

توکوی یاکه ترک ناملیق از عددلیك بر طائفه بار ایردی. اواریلار اولارنی قلدیك نوتوب تمور کانلاریدا ایشلاکالی سالور ایردیلار. تاریخ یازغوچیلار خیال قیلورلارکه ترک‌لار اولاً التای تاغلاریدا اولتوروب تمورچیلیك، میسچیلیق و زرگرلیکده هنرمند ایردیلار.

## ترکی حکومت‌نینک رواجلیق تاپماقی

قدیم‌قی ترک‌لار بارهسیدین اوچ بولاقدین بیلیشیمیزنی تاپارمیز یعنی خاقانی

کتابلار، بیزانطی یاکه یونانی کتابلار و اورخون دریاسی‌نینک یانیدا تاپیلغان ترکی یادکار تاش‌لار ترک‌لارنینک قدیم‌قی احوالینی بیان قیلور. مذکور ترکی یادکار تاشلاردا هم ترکی هم خاقانی تیل بار دور و اولار ٧٣٣ — ٧٣٥ یل میلاد مسیح‌دین کین پتولگان ایکان.

بالدور بیان قیلینغان اواریلار تخمیناً ٥٠٠ ونجی یلدین تارتیب خلی وقت ایچیده اوترا آسیاغه ایگادارچیلیق قیلور ایردیلار. اولارنینک پادشاهی **اناکوئی** ٥١٩ نجی یلدا تخت‌کا اولتوردی. اواریلارنینک تابعیدا تورغان خلق‌لارنینک اراسیدا اویغور لارنینک اتا بابالاری بولغان **تولو** دیگان ترکی قبیله بار ایردی. تولو ٥٤٦ نجی یلدا اواریلارغه قوپوب انقلاب قیلغاندا توکوی‌لارنینک سرداری **بومین** (خاقانی تیلیدا تومین) توکوی‌لار بیلان سوقاشیب اولارنی مغلوب قیلغانی اوچون اواری پادشاهی نینک اویدین بر قیزنی خاتونلوققه طلب قیلدی لیکن اناکوئی بومین‌نی خوار کوروب اول طلب‌نی معقول توتماس ایردی. اول وقت بومین وی پادشاه‌لیق اویدین بولغان بر قیزنی الیب اواریلارغه دوشمن بولدی (٥٥١). بر یلدین کین اناکوئی‌نینک قوشونی بیلان سوقاشیب انی مغلوب قیلدی. اول وقت اناکوئی اوزینی اولتوردی و انینک خلقیدین چونک گروه‌لار خاقانیستانغه قاچتیلار. ٥٥٣ نجی یلدا **موکان** ترک‌لارنینک اوستیکا سلطنت قیلغوچی بولوب ترک‌لارنینک مملکتی‌نی کنکروتور ایردی. جنوبی تاریم یورت‌لاریداکی افتالیلار چیقاریلدی و ترک‌لار تمام اوترا آسیاغه ایگادارچیلیق قیلور ایردیلار.

**موکان کاکان** اورخون دریاسی‌نینک یانبدا سکونت قیلور ایردی (همه‌دین ایکیز امیر یاکه سلطنت قیلغوچی **کاکان** اتاندی انینک تیکیداکی منصبدار **یابغو** و **تکین** دیب نام کوتاردیلار) مغرب‌داکی ترکی سیاسی ایشلارنی کاکان اوزی قیلمادی بلکه اوکاسی **ایستامی یابغو** اول ایشلارنی بارسیدین خبر الیب ترک لارنینک مملکتی‌نی ایرانغچه کنکروتتی. اندین فارسیلار بیلان همعهد بولوب ٥٦٢ — ٥٦٧

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

یل‌لارنینک ارا الیقیدا افتالیلارنینک حکومتی‌نی توشوردی. اول وقت افتالیلارنینک مملکتی فارسیلار و ترک‌لارنینک اراسیدا بولاندی.

لیکن ترک‌لار و فارسیلارنینک اوتراسیداکی دوستلوق اوزون وقت ثابت تورمادی. ایستامی‌نینک دولتی و چونک کوچیغه تاریم یورت‌لاری بیلان سوغدیانه‌دین اوتادورغان ییپک و شایی‌نینک سوداسی چونکراق سبب ایردی. اول وقت‌داکی همه‌دین اوستا سوداگر بولغان سوغدیانه‌لیق‌لار افتالیلاردین ترک‌لارنینک قولیغه اوتکانده ینکی خواجه‌لاریدین ایراندا ییپک شایی بیلان آزاد سودا قیلغالی بیزکا سیاسی یولی بیلان یاردم برینکلار دیب التماس قیلدیلار چونکه بو طریقه‌ده رومانینک امپراطورلیقی‌نینک مغرب طرفلاریداکی سوداگرلاری بیلان اوتور سودا قیلغالی خواهلادیلار. فارسیلار شونینکغه معقول بولمادی چونکه انداغ قیلسه اوزی اول سودانینک فایده‌سی‌نی یوتورور ایردیلار. تولا چیرماش ایشلار واقع بولدی و ترک‌لارنینک بر ایلچی‌سی‌نی اولتورکانده ترک‌لار بیلان فارسیلار اراسیداکی اتفاق اوزولدی. اول وقت کوچلوق ترک‌لار ایندوس دریاسیغچه یتیب افتالیلارنینک قالغان مملکتی‌نی الور ایردیلار.

ایستامی خاقانیستان‌نینک سوداسی‌نی رومانینک مشرق امپراطورلوقیغه کیلتور کالی خواهلاب بو طریقه‌ده ترک‌لارنینک مملکتی کوچ تاپار دیب فکر قیلور ایردی. ایران بیلان دوشمن بولغاندین کین رومانینک مشرق مملکتی بیلان اوتور سیاسی ایشلار آچتی. ۵٦۷ نجی یلدا مذکور مملکت‌نینک قیصریغه بر ایلچی ایباردی. بر یل اوتکاندین کین اول ایباریلکان کشی بر رومالیق ایلچی بیله ترک‌لارنینک مملکتیکا یانیب کیلدی و ایکیلاسی کوچار شمال طرفیداکی ایستامی‌نینک اورداسیغه باردی. اندین کین اول ایکی مملکت‌نینک اراسیغه ایلچیلار بارور ایردیلار. بر الیش بریش پیدا بولمادی لیکن ترک‌لار و روماليقلار ایرانغه دوشمن بولغاچ بر بری بیلان دوست بولغان ایردیلار - ٦۳۰ نجی یلدا ترک‌لارنینک مملکتی پنجابغچه یتکان ایردی.

ترک‌لارنینک مغرب آسیاداکی مملکتی‌نی بنا قیلغوچی ایستامی تخی اورخونداکی کاکان‌نینک تکیده توروب ایردی لیکن کاکان اوزی ۵۷۵ یاکه ۵۷٦ نجی یلدا

وفات بولغاندا تركلارنینك مملكتی ایكیگا بولانكالی آز قالدی لیكن ٥٨٢ نجی یلدا تعین بولاندی. تركلارنینك مشرق مملكتی مغولستان بیلان تارتیب سونكاریەغچه یتیب اوتراسی اورخون اطراف‌لاری ایردی. تركلارنینك مغرب مملكتی سونكاریەدین هندستانغه یتكان ایردی.

٦٠٣ نجی یلدا تولو قبیلەسی مغربی تركلارنینك سلطنت قیلغوچی‌سی تار دوغە قویوب انقلاب قیلدیلار و تاردو كاكان تبتكا قاچتی. اول وقت خاقان قیصری یاذك تیمس‌نینك غیر مملكتلار بیلان سیاسی ایشلارنی قیلادورغان وزیری پی كو تركلارنینك اراسیدا خیانت قیلیب خصومت چیقارماق اوچون ایشلاكالی باشلادی. بر نچه یل پراكندەلیك بولدی لیكن ٦١١ نجی یلدا تركلارنینك مغرب مملكتی ینه بر بولوب شی حو ئی كاكان‌نینك سلطنتیده اتفاق بولدی.

## تركلارنینك مشرق مملكتی‌نینك رواجلیق تاپماقی

یانك تیمس قیصر كوریەغه چونك بر قوشون ایباریب انچه بر نمه قیلالمای بیكار یانغاندا تركلارنینك مملكتی ینكوشلانیب كوچ تاپتی و قیصر ٦١٥ نجی یلدا شمالی شان‌شیغه بر سفر قیلغاندا ناگاه نهایت چونك تركی قوشون پیدا بولوب انی و انینك عسكرلارینی ایكی آی قاماب توردی. اول بر جنك حیلەسی قیلیب اولاردین قوتولدی لیكن انداغ قورقتیكه لویانك پای‌تختی‌نی تاشلاب یانك چیكیانك دریاسی‌نینك یانیداكی یانك خو شهریكا باریب اندا ساكن بولدی. بو عاجزلیق‌نینك نشانەسی چونك انقلابغه سبب بولدی و بو چونك پراكندەلیك ایچیده شان‌شی‌نینك والی‌سی لی یوان تركلارنینك یاردمی بیلان حكومت‌نی اوز قولیغه آلدی (لی یوان تانك دیگان خانلیق سلسلەسی‌نینك بنا قیلغوچی‌سی ایكان) تركلار اول

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

وقتدا خاقانیستان‌نینك خواجه‌لاری ایردی چونکه لی یوان قیصر ترك‌لارنینك یاردمی اوچون اولارغه هریل چونك سوغات‌لار یاکه آلبان بیرور ایردی.

٦٢٠ نجی یلدا مشرقی ترك‌لارنینك اوستیکا هی‌ٔ لی کاکان سلطنت قیلغوچی بولدی. اول کوچلوق و عزّت‌کا حریصدار بولوب خاقانیستانغه عسکرلاری بیلان کیریب اولجا الیب برنچه مرتبه خاقانیستان‌نی الغالی از قالدی. ٦٢٦ نجی یلدا هی‌ٔ لی کاکان بر نهایت چونك قوشون بیلان چانك ان شهری‌نینك دروازه‌لاری الدیدا توردی و تای تسونك قیصر ترك‌لار معقول بولغودیك بر طریقه‌ده اولار بیلان عهد قیلماغان بولسه خاقانیستان‌نی الور ایردیلار.

تاریم یورت‌لاری اول وقتداکی ترك‌لارنینك مغرب مملکتی‌نینك قول استبدا توردی.

# ترك‌لارنینك مشرق مملکتی‌نینك توشماکی — ترك‌لارنینك مغرب مملکتی ایکیکا بولونماکی

ترك‌لارنینك مشرق مملکتی شونچه کوچلوق بولسه هم یات فرصتده ضایع بولدی. سبب شو ایردیکه خاقان‌نینك تختیده ٦٢٦ یلدین تارتیب نهایت عاقل و کوچلوق بر قیصر یعنی تای تسونك اولتورور ایردی. انینك اتاسی تانك خانلیق سلسله‌سی‌نینك اوّلقی قیصری بولماسه هم تای‌تسونك اول خانلیق سلسله‌سی‌نینك بنا قیلغوچی‌سی‌دور چونکه انینك یاردمی برله اتاسی قیصر بولغان ایردی. تای تسونك اتاسیدین کین قیصر بولغاندا دوشمن لارنینك اراسیغه خصومت سالیب خاقانیلارنینك قدیمقی سیاسی طریقه‌سی‌نی ایشلاتور ایردی. تولو قبیله‌سی ینه قویتی وهی لی کاکان اولارغه جزا قیلماق اوچون تولی اتلیق بر سردارینی ایباردی تولی هیچ نمه قیلالمای یانیب کلکانده کاکان اچیغلانیب انی اوردی. بو واقعه‌دین تای تسونك قیصر منفعت الیب اوزیکا تولی‌نی و اینینك قوشونلارینی تارتی ـ بو همعهد بولغانلار یاردمی بیلان تای‌تسونك هی‌لی کاکان‌نی دفعه‌دین دفعه‌کا مغلوب قیلیب ٦٣٠ نجی یلدا انی توتوب اسیر قیلدی. اندین کین ترك‌لارنینك مشرق مملکتی تخمیناً

٥٠ يل ايچيده بوزولغالی توردی و خاقان قیصری ترکلارنینك کاکانی بولدی و اولارنینك امیرلاری و سرداری خاقانی قوشونیدا سردار بولوب قالدیلار. اورخوندا تاپیلغان قدیمقی ترکی خط موندانغ خبر بوروکه اولارنینك اوغوللاری قل بولدیلار پاك قیز لاری خطایلارغه دیدك بولدیلار. ترکلارنینك مشرق مملکتی توشکان چاغدا ترک لارنینك مغرب مملکتی هم اوز کوچینی یوتورکالی باشلادی. ٦٣٠نجی یلدا همه‌دین کوچلوق ایردی اول وقت تونك یا بکو مغربی ترکلارنینك امیری ایردی لیکن ٦٣٠ ونجی یلدا تونك یا بکو وفات بولدی و اندین کین اول چونك مملکت ایکیگا بولاندی. ایسیق کول و بارکول تینکیزلارنینك ارالیقیدا ساکن بولغان بش قبیله بر مملکت و ایسیق کول‌نینك مغرب طرفیداکی بش قبیله ینه بر مملکت بولدی. اول چونك مملکت بو طریقه‌ده عاجزلانغان وقتیدا خاقانستان‌نینك مغرب طرفلاریده اوز قدیمقی سیاسی ایشلارینی ینه باشلادی.

خاقانیستان ینه مغربده کوچلوق بولغاندا تاریم یورتلاری قیصرغه ایلچیلار ایبارور ایردی لیکن خاقانیلارغه تابع بولمادیلار امّا پات یقیندا خاقانی قوشونلار کاروان یوللاریدا پیدا بولور ایردیلار. ٦٤٠ونجی یلدا طرفان ٦٤٤ونجی یلدا قرا شهر و ٦٤٨نجی یلدا کوچار البتیب خاقانیلارغه تابع بولدی. تاریم‌نینك مشرق شمالی خاقانیلارنینك قولیغه توشکانی بیلان ترکلارنینك مغرب مملکتی تخی عاجز بولدی.

اول وقتدا مغرب آسیادا عربلارنینك قوشونلاری بر سلدیك کلیب نصرت تاپیب الدیغه بارور ایردیلار. ٦٣٧نجی یلدا اسلام‌نینك قوشونلاری ایرانغه یتیب فارسیلار نینك پادشاهی‌نی قاچورغان ایردیلار. اول خاقانی قیصردین یاردم تیلاب تاپیمای ٦٥١نجی یلدا اوز مملکتی‌نینك سرحدلاریده قتل قیلیندی.

## ترکلارنینك مغرب مملکتی‌نینك توشماکی

تای‌تسونك قیصر ٦٤٩نجی یلدا وفات بولغاندین کین هولو کاکان ترکلارنینك

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولانکان مغرب مملکتی‌نی ینه بر قیلیب ٦٥٠ نجی یلدا انینک سلطنت قیلغوچی‌سی بولدی. کاو تسونک دیکان قیصر اولکاندین کین ووحو دیکان ملیکه ظلم و حیله بیلان حکومت‌نی اوز قولیغه الغان ایردی اول اوزی ترکی حکومتی اتفاقلیق تاپقانی اوچون خفه بولوب ٦٥٦ نجی یلدا اوچ قوشون‌نی ترک‌لارنینک ضدیغه ایباردی بر قوشون ایرتیش دریاسی‌نینک یانیدا کارلوک اتلیق ترکی قبیله‌نی مغلوب قیلدی ایکنجی قوشون تارباکتای تاغلاریدا یغیلغان ترک‌لارغه غالب بولدی. اوچونجی قوشون قرا شهرنینک یقینیدا نصرت تاپتی.

٦٥٧ نجی یلیدا ترک‌لارنینک قوشونی انداغ اورولدیکه هو لو کاکان تاشکندکا قاچماقچی بولدی لیکن اول خاقانیلارغه تاپشورولوب چانک آنغه ایباریلدی ٦٥٩ ونجی یلدا ترک‌لارنینک آخرقی قوشونی مغلوب بولدی و ترک‌لار خاقانیلارغه تابع بولدیلار.

اوترا آسیاداکی باشقه باشقه ترک قبیله‌لارنینک اوز ترک امیرلاری بار ایردی امّا بولار خاقانیلارغه قایلار ایردیلار. تاریم یورت‌لاری‌نینک همه‌سی اول وقتدا خاقانیستانغه تابع بولدی و اولارنینک اوز پادشاه‌لاری بولسه هم بولار خاقانیلار تاریم یورت‌لارنینک همه‌سیکا قویغان والیغه قایلار ایردیلار.

# کاشغردا تیبتلیک حکومت بولماقی مشرقداکی ترک‌لار اوزینی خاقانیلاردین ازاد قیلماقی

خاقانیستان اوز سرحدلارینی کنکروتوب نهایت کوچلوق بولغان ایردی لیکن بات یقیندا ینه کمیکالی باشلادی. تیان شان‌نینک شمال طرفیداکی ترکی قبیله‌لار بر بری بیلان اتفاق بولوب اوزینی خاقانیلاردین آزاد قیلماق اوچون حرکت قیلور ایردیلار. عرب‌لار ایران طرف‌لاریداکی خاقان تابع‌لاریغه هجوم قیلیب فیروز پادشاه‌نی قاچوردیلار.

تیبت‌نینک قبیله‌لاری آز وقتدین ایلکاری اتفاقلاشیب بر مملکت بولغان ایردی. ٦٦٣ ونجی یلی تیبتلیک‌لار کوکو نورداکی تویو هونلار بیلان دوشمن بولوب اولارنینک

يورتىنى اوزيكا تابع قيلغان. ايرديلار. ليكن خاقانيلار تيبتليكلار مغربداكى تابع يورتلاريمىزغه توشماسون ديب اولارنينك ضديغه بر قوشون اياريلار امّا تيبتليكلار مذكور قوشون‌نى مغلوب قيلديلار (٦٧٠) و موننينك بيلان توختاماى بلكه يات يقيندا تاريم‌نينك جنوبى ولايتلارينى اوزيكا تابع قيلديلار و اولار كاشغردا سلطنت قيلغانى بيلان خاقانيلارنينك اوز مغرب تابعلاريغه بارادورغان يول كسيلدى - تيبت تاريم‌نينك جنوبى يورتلارى اوستيكا ٦٩٦ نجى يلغچه سلطنت قيلور ايرديلار. خاقانيلار تاريم‌نينك شمال طرفلاريداكى ترك‌لارنى تيبتليكلارنينك ضديغه قوپارماق اوچون تولا كوشيش قيلور ايرديلار ليكن اول قبيله‌لار تيبت‌نى خاقانيستاندين يخشى كورديلار و خاقانيلار اوز تابعلارينى توتماق اوچون عسكرلار ايبارماكچى بولديلار.

٦٨٢ و ٦٩١ يل‌لارنينك اراليقيدا مشرقى ترك‌لارنينك اميرى **قوتلوق كاكان** ترك‌لارنينك قديم‌قى حكومتى‌نى بنا قيلدى ٦٩١ نجى يلدا انينك برادرى **موخو** كاكان بولوب خاقانيستانغه چونك زيان يتكوزور ايردى - ٦٩٨ نجى يلدا شان‌شى بيلان چيلى‌غه بولاماق و تالاماق اوچون چيقتى.

٦٩٢ نجى يلدا خاقانيلار تيبتليكلار اوستيكا غالب بولوب كاشغر ولايتى‌نى الديلار ليكن مغربى ترك‌لارنينك سونكاريه‌داكى كهنه يورت باره‌سيدين خاقانيلار و ترك‌لار ٧١٧ نجى يلغچه سوقاشور ايرديلار. بعضيدا خاقانيلار **آشي ناهيمن** اتليق ترك‌نى اوز واليديك قويديلار، بعضيدا تركى اميرلار انى خاقانغه قاچتورديلار، بعضيدا مشرقى ترك‌لارنينك اميرى موخو اول اطراف‌لارنى اوز سلطنت عصاسى‌نينك استيغه قويار ايردى.

موخو مغرب طرفلاركا كوشيش قيلغان‌نينك سببى شو ايرديكه **قتيبه بن مسلم** اتليق عرب سردار و جنك قيلغوچى ٧٠٥ و ٧١٥ نجى يل‌لارنينك اراليقيدا بخارا، سمرقند و فرغانه شهرلارى‌نينك اوستيكا غالب بولغانيدا مذكور شهر و ولايتلار موخودين ياردم تيلاديلار. اولارغه ياردم برماك اوچون ٧١٢ نجى يلدا نبيره‌سى **كول تكين**‌نى بر قوشونى بيلان قتيبه بن مسلم‌دين قامالغان

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سمرقندغه ایباردی لیکن کول تکین نهایت درجه‌ده مغلوب بولدی. و اندین کین مشرق ترکلار مغربیداکی ترکلارنینک سیاسی ایشلاریغه ارالاشمادیلار اول وقتدا مشرق ترکلار ینه عاجزلاشیب ایردی و بعضی قبیله‌لار خاقانغه تابع بولدیلار.

تاریخ یتوکوچیلار ایتیب دورلارکه قتیبه بن مسلم عربلار بیلان کاشغرغه کلیب بر مونچه شهرلارنی الیب خامقچه باریب سلطنت قیلمای یانیب کتتی لیکن بعضیلار اول طرفلارکا بارغان ایماس دیب ایتورلار. ٧١٥ نجی یلدا قتیبه وفات بولدی و الغان یورتلارنینک تولالاری عربلارنینک بویونتوروقی‌نی تاشلادیلار. اول وقت خاقانیلار ینه ایران یورتلارینی اوزیکا تارتیلار و خاقانیستان نینک مغرب سرحدی کاسپی تینکیزی و جنوب سرحدی ایندوس دریاسی ایردی.

## اویغورلار اوترا آسیادا کوچلوق بولماقی

ترکلارنینک اوز آراسیداکی جنکلار تخمیناً ٧٤٠ نجی یلدا توکاکانده ایکی کوچلوق قبیله باشقه‌لارنی باستیلار ٧٤٤ ونجی یلدا مشرقداکی ترکلارنینک مملکتی یوق بولوب کتتی لیکن اول وقت خاقانیلاردین اوزینی آزاد قیلغان اویغورلار مذکور مملکت‌نینک اورنیدا توردیلار. مغربداکی ترکلارنینک آراسیدا کارلوک دیکان قبیله باشقه‌لارنی باستی. ٧٤٠ نجی یل خاقانیلارنینک تابع‌سیدا ایردی لیکن یات یقین بویونتوروق‌نی تاشلادی اول وقتدا تاریم یورتلاری‌نینک اوستیکا کاو سیئن چی نامليق بر نائب والی سلطنت قیلور ایردی. اول اوزی پامیر تاغلاردا تیبتلیکلارنینک ضدّیغه سوقاشیب نصرت تاپقاندین‌کین خواهلاغاندیک سلطنت قیلدی. کاو سیئن چی اوزی کوریه‌لیک بولوب جنک قیلیشقه نهایت کامل ایکان لیکن بلغه حریصدار و ظالم بر کشی ایردی اینداک بخیل‌لیقی خاقانیستانغه تولا زیان کلتورادورغان بولدی — ٧٥٠ نجی یلدا کاو سیئن چی تاشکندنینک سیاسی ایشلاریغه ارالاشیب توختاتیلغان عهدنی بوزوب پادشاهی‌نی اولتوروب خزینه‌سینی بولاغان ایردی. اول سببدین عربلارنینک

خراسان‌داکی والی‌سی بر قوشون ایباریب تالس دریاسی‌نینک یانیدا خاقانیلار بر له قاتّیق سوقاشتی (۷۵۱). کارلوک‌لار اوزینی آزاد قیلغالی بر فرصت تاپیب کاو سیئن چی‌غه هم هجوم قیلدیلار. کاو نهایت مغلوب بولوب آران بر نیچه سردارلار بیلان قوتولدی. مونینک بیلان خاقان‌نینک اوترا آسیاداکی حکومتی ضایع بولدی ۱۳۷ یل ایچیده تانک سلسله‌سی‌نینک دوْری‌نینک اوترا آسیاداکی حکومتی ثابت تورغان ایدی. اول وقت‌دین تارتیب یقیناً ۱۰۰ یلغچه خاقانیلار اوترا آسیادا کوچ تاپماس ایردی.

# خاقانیستان اوز ایچیداکی انقلابی اوروشلارنی توختاتماق اوچون اویغورلار و باشقه اوترا آسیا داکی خلق‌لاردین یاردم تیلاماکی

حوان‌تسونک قیصر اوز اهل بیتی بیلان انداغ بزم قیلیب خراجت‌نی حددین آشورغان ایردیکه یورت خزینه‌سی بوزولغان ایردی. مونینک اوستیکه سردارلاری سوقاشدین سوقاشقه مغلوب بولغاندا تابع قیلینغان خلق‌لارنینک آراسیدا انقلاب بولدی. و قیصر پای تختی‌نی تاشلاب جنوب طرفیکا قاچماقچی بولدی. اول وقت تانک خانلیق سلسله‌سی یوق بولماسون دیب قیصرنینک اوغلی چو قویوب اتاسی‌نی تختی‌نی قویغالی زورلاب اوزی تخت‌غه اولتوردی. چو قیصر منکا یاردم برینکلار دیب اویغورلار بیلان باشقه مغرب‌داکی خلق‌غه ایلچیلار بیلان التجا قیلدی. بو خبر اوترا آسیاغه یتکانده اویغورلار باشقه باشقه اوترا آسیاداکی طائفه‌لار مذکور التماس‌نی قبول توتوب خاقانغه باردیلار. و هم ختن‌نینک پادشاهی یاردم برماک اوچون بر قوشون بیلان چیقتی. کینراک کوچاردین، تیان شان‌دین، شمال طرفلارداکی کارلوک لاردین، فرغانه‌دین و هم عربی امداد قوشونلاری خاقانغه چیقتیلار و پات یقیندا خاقانی عسکرلارنینک سرداری کو تسی ای ۱۵۰۰۰ عددلیک بر قوشون

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوستیده توردی اول قوشون ایچیده کاکان‌نینک اوز اوغلیدین باشلانغان اویغور لارنینک بر آطلیق قوشونی بار ایردی.

مذکور انقلاب موندانغ طریقه‌دا باشلاندیکه ان لو شان دیگان سردار کیی تان تونکوزلار بیلان سوقاشیب ۶۰۰۰۰ عسکر یورکان ایردی. آن لو شان قیصردین تولا یخشی کوروندی لیکن قیصرنینک اورداسیداکی‌لار عزت و منصب توغراسیدین اینینک بیلان تالاشقاندا اول اوزی: ایمدی منی منصبیم‌دین توشوررلار دیب خیال قیلیب انقلاب چیقاردی (۷۵۵). ایکی یل‌دین‌کین تمام مشرق خاقانیستان اینینک قولیدا ایردی. قیصرنینک قوشونلاری مغلوب بولغانی اوچون قیصر نهایت خفه بولوب تاریم یورت‌لاری‌نینک اوستیکا والی بولغان کاو سیئن چی‌نی عسکرلارنینک الدیدا قتل قیلیب اینینک اورنیدا کو تسی ای‌نی همه‌دین اولوغ سردار قیلدی. کو تسی ای ۲۰ یل ایچیده خاقانیستان‌نینک سیاسی ایشلارنی باشلار ایردی.

ان لو شان اوزی ترک جنسیدین ایکان و انکا شریک بولوب انقلاب قوشونلاری‌نینک اوستیده تورغوچی شی لی مینک هم ترک ایردی — شی لی مینک لویانک تاغ دوان‌لاری بیلان شن‌شی میداننغه کلیب اندین‌کین شانک‌آنغه اوتور باریب قیصرنی قاچوردیلار. ایلکاری بیان قیلینغاندیک اگر اویغورلار بیلان باشقه امداد قوشونلاری یاردم برماکان بولسه انقلابچیلار نصرت تاپار ایردیلار لیکن تاپقان یاردمی بیلان قیصرنینک قوشونلاری چانک انداکی چونک سوقاشدا قیصرنینک عسکرلاری شجاعتلیک و بهادرلیک اویغورلارنینک مددی بیلان انقلابچیلار اوستیدکا نصرت تاپتیلار.

اویغورلارنینک و باشقه امداد قوشونلارنینک یاردمی بیلان قیصر یای‌تختینغه یانیب بارالدی. اویغورلارنینک یش یابکبو سیغه (نائب امیر) قیصرنینک قیزی خاتونلوققه بریلدی و خاقانیلار هر یل چونک سوغات‌لار برماکچی بولدیلار.

لیکن انقلاب تخی توکاماکان ایردی اویغورلارنینک بر قوشونی نچه مرتبه انقلابچیلار بیلان جنک قیلغاندین‌کین ۷۶۳ ونچی یلدا تنجلیق بولدی. تخمیناً اوتوز

میلیون آدم انقلابدا اولتورولدی دیب خاقانی تاریخ خبر برور.

۷٦۵ نجی یلدا خاقانیلار و اویغورلارنینک آراسیدا بر دوشمنچیلیک پیدا بولغانی آز قالدی. تیبتلیکلار ایکی یلدین ایلکاری چانک اذغه کلیب بولاغان ایردیلار. ایمدی بر بولوب ینه بولاغانی چیقالی دیب اویغورلار بیلان مصلحت قیلغان ایکان لیکن کوتسی ای اویغورلار بیلان سوزلاشیب اولارنینک مقصودینی انداغ تبدیل قیلدیکه خاقانیلارغه یاردم بریب تیبتلیکلارنی قاچوردی.

اویغورلار خاقانیلار بیلان همعهد تورغاندا اول ایکی خلق‌نینک اوترآسیداکی احوالی بارغان ساری اوبدانراق بولدی. اویغورلار مدنیت تاپماققه و رواجلیققه کوشیش قیلادورغان بر خلق ایردی.

## تاریم ولایتلار تیبتکا ینه تابع بولماقی

خاقانیلار تالسدا مغلوب بولوب انقلاب بیلان عاجزلانغاندین‌کین تاریم ولایتلاری تیبتلیکلارنینک قولیغه ینه توشوب اولارنینک فرمانیدا اوزون وقت توردی. اول وقت بارەسیدین تأریخ خبر برمایدور لیکن تعین ایکان‌که تیبتلیکلار ۸۲۱ نجی یلدا تاریم یورتلاری‌نینک خواجەلاری ایردیلار. اول یل تیبت خاقانیستان بیلان صلح قیلدی و سیاسی ایشلار اول وقتدین تارتیب صلح‌نینک نشانەسیدا بولدی چونکه بودهی دین تیبتده کوچلوق بولوب خلق‌نینک خیالی‌نی باشلار ایردی.

## قرغیزلار اویغورلارنینک کهنه یورتلارینی الماقی

اویغورلارنینک کوچلوق مملکتی اوز ایچیداکی نااتفاقلیق و جنکلار بیلان عاجزلاشقان ایردی. قرغیزلار فرصتنی یوتورمای ۸٤۰ نجی یلدا اویغورلارنینک اورخونداکی حکومتکا هجوم قیلیب غالب بولوب اوزی اول برده اولتوروغلوق

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولدیلار. مغلوب بولغان اویغورلار هر طرفگا تارقاتیلدیلار بر قبیله قیصرنینگ اذنی بیلان چونگ سفیل‌نینگ یانیدا ساکن بولدی. باشقه بر قبیله مغرب شمالی کانسوغه کلیب اندا تخمیناً ایکی یوز یل اولتوردی و بر قبیله طرفانغه باریب اندا ساکن بولوب اوزیگه خانلیق قیلیب اولوغ مدنیت چیقازدی. اول خانلیق‌نی اویغورستان اتادیلار. خانلاری اوّلاً قرا خواجه‌ده کیراک بش بالیق‌ده (اورومچیده) اولتوردیلار. مذکور مملکت چینگیز خان هجوم قیلغان وقتیغچه ثابت توردی.

# اویغورلارنینگ تاریم‌داکی حکومتی

بو ینگی اویغور حکومتی‌نینگ کوشیشی بیلان تاریم یورت‌لاری‌نینگ احوالی تمام ینگوشلانیب باشقه بولدی و ساکن‌لاری ترکی نظام و رسم‌لارنی توتادورغان بولدیلار ختن، یارکند، کاشغر، آقسو، کوچار، قراشهر و طرفان شهرلاری‌نینگ خلقی یقیناً ۹۰۰ نچی یلغچه تولاراق آری جنسلیق بولوب آری تیل‌لاردین بولغان بر زبان بیلان سوزلاشور ایردیلار. کوچار و طرفاندا اول وقتغچه توخاری دیگان انگا یقین زبانلار بیلان کپ قیلور ایردیلار.

تاریم‌نینگ جنوب طرفلاریده ۷۰۰ نچی یلغچه باشقه بر آری تیل یعنی ساکه لارنینگ زبانی بار ایردی مونینگدین باشقه بودهی خانقاه‌لاریدا هندی زبانلار ایشلاتور ایردیلار. فارسی زبان اول وقت‌لاردا هم تاریم یورت‌لاریدا تاپیلور ایردی. بو زبانده تولا قدیم‌قی کتابلار تاپیلغان ایکان. موشو وقت‌نینگ بر نچه علم‌دارلار مغرب کانسو نینگ مغرب شمالیداکی تون حوانگ‌نینگ یقینیدا بر غار اچیده تخمیناً ۱۵۰۰۰ کتاب تاپتیلار مذکور کتاب‌لار ۱۰۳۵ نچی یلدین تارتیب اول غاردا توروب ایکان.

مسلمان تصنیف قیلغوچیلار اویغورلارنی توقوز اوغوز دیب دورلار. اویغورلار تاریم‌نینگ شمال طرف‌لاریده کوچ تاپقاندین‌کین اولار آری خلق‌لار بیلان ارالاشور

ایردیلار و اویغور تیلی بارغان ساری آری زبانلارنی یوقاتور ایردی.

کوچارنینگ یقینیداکی غارلاردا تاپیلغان سیزیق صورتلار اویغورلارنینگ مدنیّت و هنرده رواجلیق تاپقانی‌نی کورساتور. کهنه‌راق صورتلارده آری شکل‌لیک خلق کورونور و کینککی صورتلارده ترک شکل‌لیک خلق باردور.

ترک جنسلیق بولغان اویغورلار تاریم‌نینگ مشرق طرفلاری‌نی الغاندین کین مغرب طرفلاریگا هم تارقاتیلدیلار لیکن تاریم‌نینگ مشرق طرفلارده **کارلوک** دیگان ترکی طائفه تولاراق نظام و رسم‌لارکا تأثیر قیلدی. چونکه ۹۰۰ و ۱۰۰۰ یل‌لارنینگ ارالیقیدا کاشغردا بر کارلوک سلطنت سلسله‌سی حکومت قیلور ایردی. تأریخ هجری‌نینگ تخمیناً اوچ یوز اوتوزیدا کاشغرداکی پادشاه‌نینگ اوغلی سلطان ستوق بغرا خان مسلمان بولوب اوزینی سلطان قیلیب کاشغر خلقی‌نی مسلمان قیلدی. انینگ اوغلی حسن بغراخان اتاسی‌نینگ جاییدا اولتوروب یارکندنی جنگ بیلان الیب خلق‌نی مسلمان قیلدی. بارا بارا اویغورلارنینگ تولاسی مسلمان بولدی — اول وقتدین تارتیب اسلام اوترا آسیادا بودهی دین‌نی بارغان ساری باسار ایردی.

## مغرب طرف‌لاردین کلکان دین‌لار

بودهی دین‌نینگ اوترا آسیادا رواج تاپقان‌نینگ باره‌سیدین ایلکاری بیان قیلینغان‌دور. خاقان تانگ خانلیق سلسله‌سی‌نینگ وقتی‌دا اوز حکومتی‌نی ایرانغچه کنگرو تکاندین کین مغرب آسیانینگ دین‌لاری اوترا آسیا بیلان خاقانغه کلتورولدی.

خاقانی تأریخ دیب بورکه فارسیلارنینگ قدیمقی دین **زوروئستری** یاکه **زرداشتی** خاقانغه کلتورکان ایردی اوترا آسیادا بولغان‌مو و یا ایماسمو معلوم ایماس‌دور. مسیحیلیک دینی هم قدیم وقتلاردا اوترا آسیا و خاقانغه کلدی. قایسی وقتلار بیلان اوّلا اوترا آسیاغه کلکان معلوم ایماس لیکن ۷۸۱ نجی یلدا

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

یتولکان یادکار تاش مسیحیلیک خاقانغه کلکاندین تارتیب ۱۵۰ یل ایچیده بیانی‌نی دیب برور (اول یادکار تاشی‌نینک راستلیقیدین خاقانی تاریخ کواه برور)

مسیحیلیک دینی ٦۳٥نچی یلدا سوریه‌دین خاقانغه کلدی و اول مسیحیلیک مذهبی نستوریانی مسیحیلیک اتانور ایکان. نستوریانی مبشر قیصردین چرایلیق طریقه‌دا قبول قیلیندی و اول اوز دین کتابلارینی ترجمه قیلیب قیصرغه تعلیم بردی. قیصر ینکی دین‌نی یخشی کوروب وعظ ایتیلسون دیب بیوردی. کین اول تعلیم یخشی بولوب مملکتده بشارت بریلسون دیب اوچ یلدین کین برکونکسی چیقاریلدی. و پایت یقین‌دا پای‌تخت شهریده بر کلیسا یاسالدی. ۷٤٥نچی یلدا مسیحی عبادت خانه‌لار همه چونکراق شهرلارده بار ایردی. مذکور یادکار تاش دیب بورکه خاقانی قوشونلار نینک سرداری کونسی ادی مسیحیلیککا همه‌دین کوچلوق یاری برکوچی ایردی و ۸٤٥نچی یلدا مسیحی و زوروئستری کاهن‌لارنینک عددی ۳۰۰۰ ایکان و اولارنینک تولالاری مغربدین ایردیلار.

اول وقتلاردا مذکور دین‌لاردین ینه بر دین یعنی مانیلیک دینی اوترا آسیاغه و خاقانغه کلدی. اول دین‌نینک باشلاغوچی‌سی مانی اتلیق کشی ۲۱٥ ده توغولدی. انینک تعلیمیکا موافق نور و قرانکغولوق دیکان بر بری بیلان تنک ایکی قوّت دور. نورنینک چونکی اصلی خدا و قرانکغولوق‌نینک چونکی شیطان دور. اول ایکیلاسی همیشه بر بری بیلان جنک قیلیشیب تورادور. شیطانلار اوّلقی دنیاوی آدم‌لارنی نوردین و قرانکغولوقدین یراتغان ایردیلار. اگر آدم‌لار نجات تاپقالی خواهلاسه اوز یاروغ ذاتینی قرانکغولوقدین آیریماق لازم بولادور و نجات‌نینک یولینی چونک پیغمبرلار یعنی یسوع مسیح بوده زوروئستری و مانی کورساتکان‌دورلار.

مانی اوّلاً ایراندا چونک رواجلیق تاپقان ایردی لیکن آخر دارغه تارتیلدی. سوغدیانه‌لیق‌لار انینک تعلیمی‌نی قبول توتوب کتابلارینی اوز تیلیغه ترجمه قیلدیلار. اول سوداکر خلق مذکور دین‌نی تاریم یورتلاریغه کلتوردی اندین کین خاقانیستانغه کلتورولدی. اندا مانی دینی ٦۹٤نچی یلدا تاپیلادور. ۷۳۲نچی یلی مانی دینی

باطل امّا امّت‌لاری توسولمای اوز عبادتی‌نی خاقان مملكتیده قیلسونلار دیب بر كونكسی چیقاریلدی.

اویغورلار ٧٦٢ — ٧٦٣ یلدا آن لو شان‌نینك انقلابی‌نی توسوب اوز یورتیغه یانغاندا مانیلیق مبشرنی بیلان بیله الیب باردیلار. مانی دینی مغولستاندا چونك رواجلیق تاپیب اویغورلارنینك برنجی دینی بولدی. اول دین كوچلوق اویغورلار نینك دینی بولغانی اوچون خاقاندا توسولمای آزاد ایردی لیكن اویغور حكومتی توشكاندا دینی خوار كورونوب قالدی.

تانك خانلیق سلسله‌سی‌دین بولغان قیصرلار باشقه دیندارلارغه آزادلیق برور ایردی‌لار لیكن بارغان‌ساری غیری دیندارلارنی قوغلاب یوقاتقالی باشلادیلار. اوزون وقت یورت‌دا توروب كوچلوق بولغان بودهی دین‌نی یوقاتالمای لیكن مسیحیلیك بیلان مانی دینی تمام یوق بولوب كتّی. هر قانداغ بولسه مذكور ایكی دین اوترا آسیادا برنچه یوز یل توروب اویغورلارنینك طرفانداكی حكومتیده كوچلوق ایردیلار.

# خیتان تونكوزلاری تورك‌لارنینك اورخونداكی یورت‌لارینی الماقی

خیتان‌نینك امیرلاری‌نینك بری **یی لی آپاوكی** اتلیق بر كشی اورخون دریاسی‌نینك چوره‌سیده اوزیكا بر چونك حكومت بنا قیلغانی بیلان خیتان‌نینك رواج تاپماقی باشلانادور. ٩٠٧نجی یلدا اول ٣٠٠٠٠٠ آطلیق عسكر بیلان خاقان‌نینك شمال سرحدی‌دین اوتوب كیریب كلادورغان یل‌لار ایچیده خاقانیلارغه چونك جفا قیلغوچی بولادور. **دان ین حوئی** اتلیق بر مصلحت بركوچی‌سی بولوب اول یاوا خلققه دهقانچیلیق سودا كرچیلیك عمارت بیلان شهر یاساشنی اوركاتور ایردی. خیتان حكومتی محكم و چونك بولدی و آپاوكی‌نینك اوغلی انی **لیاو ایمپراطورلوقی** اتادی. ٩٩١نجی یلی **یوچن** دیكان بر تونكوز قبیله سی انكا تابع بولدی. ٩٩٣نجی یلی كوریه‌نی الدی و ١٠٠٤نجی یلدا قوشون

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اول وقتدا خاقان‌نینک پای تختی بولغان کای‌فنک شهری‌نینک الدیدا توردیلار. قیصر هر یل تعین بر سوغات یا که آلبان بر کالی وعده قیلدی و مونینک بیلان اوزی و انینک پادشاهلیقی قوتولدی. خیتان تونکوزلارنینک حکومتی اول وقتدا مغربداکی‌لارنینک اراسیدا همه‌دین کوچلوق بولوب ۱۱۲۵نجی یلغچه برقرار توردی. ایمدیکی وقت‌لار نینک پی‌پینک انینک پای تختی ایردی.

# اوترا آسیاداکی قرا خطای‌نینک حکومتی

خیتان حکومتی توشکانده تولا خلق ییغیلیب مغرب طرف‌لاریکا باریب ایلی دره‌سیده اولتوروب سی‌لیاو (مغربی خیتان) یاکه قرا خطای حکومتی‌نی بنا قیلدی تخمیناً اوچ یوز یل تورغان اویغورلارنینک حکومتی انکا کیردی (تخمیناً ۱۱۵۰ نجی یلی) قراخطای‌نینک اوّلقی پادشاهی فوشی یاکه نوسی آتانیب تیانشان تاغلاری نینک شمال طرفیداکی باله ساکون دیکان بر شهرنی پای‌تخت قیلیب تمام ترکستان‌نی هم فرغانه‌نی اوزیکا تابع قیلدی. اوزینی کورخان یاکه پادشاهی عالم آتادی. قرا خطای‌نینک حکومتی یقیناً یوز یل یعنی ۱۲۱۱ غچه توردی.

# مغوللارنینک هجومیدین ایلکارکی کرایتلیک‌لار و اوترا آسیاداکی باشقه کچیک حکومت‌لار

کرایتلیک‌لارنینک مملکتی مشرق ترک‌لارنینک بایقال تینکیزی‌نینک جنوب طرف‌لاریداکی یریده بار ایردی. مذکور طائفه‌نینک تاریخی انچه معلوم ایماس و ایمدیکی علم‌دارلار یورتی‌نینک سرحدلارینی بیلماسلار. کرایتلیک‌لارنینک پادشاهی اونک خان آتاندی لیکن تاریخ یتوکوچیلار ایتورکه اول خلق مسیحی ایردی و پادشاه‌لاری یوحنا کاهن دیب اسم کوتاردیلار. اول وقتداکی باشقه مملکت‌لارنینک

اراسیدا نایمان مملکتی بار ایردی. انینك خلقی هم مسیحی بولغان ایردی. اوریات خلقی یاکه ایلوتیلار بایقال تینکیزی‌نینك مغرب طرفلاریده ساکن ایردیلار. مذکور مملکتلاردین بولك اوزیکا قایلایدورغان کچیکراك ولایتلار بار ایردی. کرایتلیکلار نایمانلیقلار و اوریاتلیقلار ترك جنسیدین‌مو یا ایماسمو معلوم ایماس.

# اوچونچی دوْر

(چینکیز خان‌نینك جنکلاری برله باشلانغان خلقلارنینك چونك مهاجرتلاریدین تارتیب ۱۲۰۰ — ۱۷۰۰ یللارنینك آرالیقیدا بولغان روسیه‌نینك هجومی بیلان تمام بولور.)

مغوللار بر چونك حکومت پیدا قیلغانی بیلان اوترا آسیادا برینکی وقت باشلانادور. تموجین اتلیق یاش بر مغول سرداری بر نچه اوزیکا قایلایدورغان قبیله‌لارنی زورلوق بیلان اوزیکا تابع قیلدی (۱۱۸۸) تموچین اوّلاً اونك خانغه تابع ایردی لیکن بارغان ساری اوز خواجه‌سیدین سلطنت‌نی تارتقالی خواهلادی. ۱۲۰۳ ونجی یلیدا اورغه‌نینك یانیدا بر چونك سوقاش بولغاندا تموجین اونك خان نینك قوشونی‌نی مغلوب قیلیب کرایتلیکلارنی اوزیکا تابع قیلدی اندین نایمان حکومتیکا هجوم قیلیب نایمانلیقلار هر طرفدین یاردم تاپسه هم اولارنی مغلوب قیلیب سی لیاوغچه همه یورتلارنی آلدی.

تموجین اول نصرتلارنی تاپقاندین کین اورخون دریاسی‌نینك یانیداکی قرا قورام کلوران دیکان شهرده اورداسینی سالیب اوزینی چنکیزخان آتادی (۱۲۰۶).

چنکیز خان اوز چونك ایشلارینی باشلاغاندا همه اوترا شمالی آسیاداکی باتەچی خلقلارنینك همه‌سی‌نی بر قیلای دیب قصد قیلغان ایردی. کینراك مدنیتلیك مملکتلارنی هم اوزیکا تابع قیلغالی خواهلادی.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چنگیز خان ایلگاری هونلار بیلان ترک‌لارنینگ سردارلاریدین سلطنت و سیاسی ایشلارنی بخشیراق اوقار ایردی. فقط نهایت چونگ جنگ قیلغوچی بولسهای بلکه هم سلطنت و ترتیب ایشلارینی بیلور ایردی. مغلوب بولغان قبیله‌لارنی مغول قبیله‌لاری بیلان حکومت ایچیده تنگ قیلیب نا اتّفاق بولغانلارنی چینگ عسکر ترتیبی بیلان باسار ایردی. هر چونگ بولغان اوغول عسکر بولدی. عسکرلار ١٠٠، ١٠٠٠ و ١٠٠٠٠ عددلیک لنگره و قوشون‌لارغه بولوندی و همه‌سی‌نینگ اوستیگا چنگیز خان اوزی توردی. جنگ و صلح وقتی‌دا اوخشاش مش قیلور ایردیلار. مظلوم کشیلار پاته‌لارینی باقار ایردی و ایر کشیلار جنگ قیلور ایردیلار.

اوّلاً چنگیز خان اوز یراغلارینی مشرقه اوزاتیب ١٢٠٧ ـ ١٢٢١ ییل‌لار نینگ ارالیقیدا خاقانغه و کوریه‌گا چیقیب جنگ قیلیب توردی. اوّلقی ییل‌لاردا سی لیاوغه هجوم قیلمادی ـ نایمان حکومتی توشکاندین کین آخرقی پادشاه‌نینگ اوغلی کوچلوق سی لیاوغه قاچیب اندا تورغان ایران ولایت‌لاری‌نینگ همه‌دین کوچلوق امیری شاه محمد بیلان مصلحت قیلیشیب اوزینی مهمان قیلغان یی لو امیر لاریگا خیانت قیلور ایردی. کوچلوق اوز قصدیدا مقصودغه یتیب ١٢١١نچی ییلدا شاه محمد بیلان قرا خطای مملکتی‌نی تقسیم قیلدی. کاشغر مملکتی بیلان ایلی دره‌سی کوچلوققه و قالغانی شاه محمدگا تیگدی. لیکن یات یقین‌دا اول چنگیز خان بیلان بر بولوب کوچلوققه دوشمن بولدی و اولارنینگ قوشونلاری ایسّیق کول‌نینگ یانیدا سوقاشقاندا (١٢١٧) کوچلوق‌نینگ عسکرلاری مغلوب بولدیلار. مونینگ بیلان کوچلوق‌نینگ حکومتی سیندی و ظلم تارتقان خلق چنگیز خان‌نی خوشلوق بیلان قبول قیلدی. اول وقت چنگیز خان‌نینگ حکومتی خوارزم کوچلوق حکومتیغچه یتّی. خوارزم حکومتیگا ایمدیکی ایران، افغانیستان، بخارا، خیوه و یاکسارت (یاکه سیر دریاغچه یتگان یورت) کیردی.

لیکن چنگیز خان بیلان خوارزم حکومتی‌نینگ پادشاهی شاه محمد اوتراسیدا دوشمنچیلیک پیدا بولغالی اوزون قالمادی. شاه محمدنینگ بر والی‌سی چنگیز خاندین

کلگان بر کاروان‌نینک آدم‌لارینی قتل قیلدی. بو ایش چنگیز خانغه معلوم بولغاندا اول والی‌نی منکا تاپشوروب بر‌کیل دیب شاه محمدغه ایلچی ایباردی. ایلچی کلگانده شاه محمد اول قتل قیلینسون دیب بیوردی لیکن ایلچی بیلان کلگان کشیلارنی اولتورمای سقال‌لارینی توشوروب قویوب بردی. بونینک ناموسیغه چنگیز خان‌نینک اوچوری خیال بولمادی. اوچ مغول قوشونی شاه محمدگا هجوم قیلیب (١٢١٩) ضد تورالماغودیك اینینك قوشونلارینی باسیب تولا قان توكار ایردی. ـ ١٢٢٠ نچی یلدا بخارا شهری و آز وقت‌دین کین سمرقند چنگیز خان‌نینک قولیغه توشتی و شاه محمد شهردین شهرگا قاچیب آخر قاچقونديك کاسپی تینکیزداکی بر جزیره‌ده اولتوردی.

چنگیزخان اوزی قوشونلاری بیلان افغانیستاندین اوتوب ایندوس دریاسیغچه باردی لیکن اندین یانیب خاقان‌نینک ضدیغه چیققان قوشونلارنی باشلار ایردی.

سی هیا مملکتی ١٢٢٤ نچی یلدا مغول‌لارغه انقلاب قیلیب اوزینی آزاد قیلغان ایردی. بو سببدین مغول‌لارنینک آچیغی کلیب اولارنی انداغ یوقاتیکه یوز ایرکشیدین فقط ایکی قالدی.

چنگیز خان ١٢٢٧ نچی یلدا وفات بولغاندا ٧٣ یل عمر کوروب ٢٥ یل پادشاه بولوب ترکستان، اوروستان، هندستان و ینه بر نچه یورت‌لارنی اوزیگا تابع قیلغان ایردی.

چنگیز خان اولگانی بیلان مغول حکومتی توشمادی. چنگیز خان وفات بولماسدین ایلگاری مملکتی‌نی تورت اوغلیغه تقسیم قیلغان ایردی یعنی:

١ — جوچی خانغه جنوبی اوروس یورت‌لاری

٢ — چاغتای خانغه سی لیاو یاکه دریای آمودین تارتیب فرغانه ولایتی و مغولستان

٣ — اوکتای خانغه شمالی سونکاریه

٤ — تولوی خانغه قراقورام یورت‌لاری بریلدی.

اوکتای خان مغول امیرلارنینک مصلحتی‌نینک چونک خانی بولدی (١٢٢٩)

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اول ۱۲٤۱ نچی یلغچه سلطنت قیلدی. چنگیز خان نینگ ختای اصل زاده‌سی بولغان یی لوچو تسایی اتلیق بر مصلحت برکوچی‌سی بار ایردی. اوکتای خان نینگ چونگ خان بولوشیغه اول اوزی سبب ایردی. اوکتای چونگ بر جنگ قیلغوچی بولسه هم سیاسی ایشلاریدا کوچلوق بولمای ملایم یوواش برکشی ایردی. بو سببدین یی لو تختدا اولتورماسه هم سلطنت قیلور ایردی. مغوللار یورتلارنی اوزیگا تابع قیلماق اوچون جنگ قیلغاندا تولا خلقنی اولتوروب ظلم سالیب توردیلار لیکن تابع قیلغاندین کین چونگ آزادلیق بردیلار. مسلمان، مسیحی، مانی و بودهی دینلارغه آزادلیق برور ایردیلار. چونگ خان و انینگ تکیداکی خانلار چونگ مملکت ایچیده صلح و آزادلیق بولسون دیب ایشلاب توردیلار.

لیکن اول چونگ مملکتیده بارغان ساری نااتّفاقلیق پیدا بولور ایردی. بر سبب شو ایردیکه تابع قیلینغان خلقلارنینگ مدنیتی تولاراق یاته‌چی مغوللارنینگ کیدین ایکیبزراك ایردی. مغرب طرفلاریده مسلمان امیرلار قوپادور و اوترا آسیادا هم باشقه باشقه طریقه‌ده نااتفاقلیق چیقادور. اوکتای خان نینگ سلطنت وقتیدا مغوللار خاقانغه باریب جنگ قیلیب اوزیگا یورتلار تابع قیلور ایردیلار و اولارنینگ قوشونلاری هم آوروپاغه باردیلار.

جوچی خان نینگ اوغلی **باتو** آوروپا مملکتلاری نینگ قوشونلارینی مغلوب قیلیب ویانا شهری غچه چیقّان ایردیلار. لیکن اوکتای وفات بولوبدور دیب خبر کلگانی اوچون جنوبی روسیه‌غه ایتیك یانیب کتّی.

اوکتای وفات بولغاندین کین انینگ مسیحی ملیکه‌سی **توراکینه** بش یل سلطنت قیلدی. اندین کین انینگ اوغلی **کویوک خان** ۱۲٤٦ — ۱۲۵۱ یللارنینگ ایچیده چونگ خان بولدی اندین کین انینگ ایکی توقّانی **مانگو** ۱۲۵۱ یلدین تارتیب ۱۲۵۹ونچی یلغچه چونگ خان ایردی. اوزی تولوی نینگ اوغلی بولوب اناسی نینگ مکر حیله‌سی بیلان تختغه اولتورغان ایردی. مونینگ بیلان اوکتای و تولوی نسللاری تخت توغراسیدین تالاشادورغان بولدیلار. لیکن تولوی نسل

نصرت تاپتی و منکو، خوبلای، هولاکو و اریکبوکا دیکان تورت بر توقان باشقه‌لارنی باسار ایردی. اول تربیت تاپقان برادرلارکا پاته‌چی اوقاتی کفایت بولمادی. اول وقتدین تارتیب مغول‌لار مدنیتلیک مملکت بولغان خاقانیستان و ایران‌نی اوزیکا تابع قیلغالی قصدلار ایردیلار. خوبلای مشرق آسیاداکی جنک‌لارنی قیلماقچی بولوب خاقانیستان‌نینک چونکراق حصه‌سی‌نی الیب مانکودین کین (١٢٦٠ — ١٢٩٤) چونک خان بولوب یوان اتلیق خاقانی خانلیق سلسله‌سی‌نی بناء قیلیب (١٢٨٠ — ١٣٦٨) اول سلطنت سلسله‌سی‌نینک اوّلقی قیصری بولدی.

اول وقتدا مغول‌لارنینک خانلیق‌لاری بولار ایردی:

١ — هوکولای (هولاکو) و انینک اولادلاری‌نینک تکیداکی ایران‌نینک خانلیقی

٢ — جوجوی‌نینک (جوچی) اولادلاری تکیداکی روسیه خانلیقی

٣ — چاغتای‌نینک اولادلاری‌نینک تکیداکی اوترا آسیانینک خانلیقی (پای تختی ایلی ایردی)

٤ — اوکتای‌نینک اولادلاری‌نینک خانلیقی (پای تختی قوبده ایردی.)

٥ — چونک خان‌نینک خانلیقی یعنی مغولستان تیبت خاقان و کوریه.

خوبلای‌نینک اولادلاری اوزون وقت چونک خانلیق مرتبه‌سی‌نی توتار ایردیلار. خانلیق‌لار اوزیکا قایلاغاندین کین اولارنینک اراسیدا دوستلوق بار ایردی. مونینک اوچون ولایت‌لار اوتراسیداکی آلیش بریش و یول یاساشی رواجلیق تاپار ایردی. خاقاندا کاغذ پل ایشلانکاندیك خوبلای‌نینک بیوروقی بیلان تمام مغول مملکتیده ایشلاتادورغان بولدی. بو هم سودا ایشقه یاردم بردی. اول وقتدا یولاچیلار آسیانینک کاروان یول‌لاریدا خاطر جمع و تنجلیق بیلان یورور ایردیلار. چونکه همه یورت‌لار بر چونک حکومت‌نینک تکیده بولوب بر بری بیلان جنك قیلالمادیلار.

اول وقت‌لاردا سفر قیلغان آوروپالیق‌لار مغول حکومتی‌نینک احوالی‌نی ایتیب بریب دورلار. بولارنینک بری **کوپولو** چونک خان بولغان چاغدا قرا قورام شهریکا کلدی اول سفر قیلغوچی مغول‌لارنینک پای تختیدا خاقان، هندی و ایرانلیق سوداکرلار

ئۇلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بیلان کوررشکانی و مغول‌لارنینک ضیافت‌لاری‌نینک زینتلیکی و عرق مجلس‌لاری بارده‌سیدین دیب .بریب دور و تعین ایکان‌که کویوک خان‌نینک طبیب‌لاری یونانی ایردیلار. ینه بر سفر قیلغوچی ایتیب .بریب‌دورکه اول وقتدا قرا قورامدا ۱۲ بودهی عبادت خانه ، ایکی مسجد و بر مسیحی کلیسا بار ایردی و دنیانینک همه چت‌لاریدین کلکان آدم‌لار اندا تاپیلور ایردی . اول سفر قیلغوچی‌لارنینک اراسیدا مارکو پولو اتلیق .بر کشی بار ایردی - اول ایران ، مغرب ترکستان ، کاشغر و ختندین اوتوب خاقانغه باریب اندا ۱۷ یل توروب یانک چو شهریده اوچ یل والی ایردی . خوبلای انی تولا یخشی کورکاچ تیبت ، بیرما ، جاوا ، هندستان و باشقه یورت‌لارغه خان‌نینک ایلچی‌سیدیک ایباریلدی اول وقت خاقاندا نهایت تولا آوروپالیق‌لار و مغرب آسیالیق‌لار بار ایردی .

# اوترا آسیانینک خانلیقی

ایلکاری بیان قیلینغاندیک اوترا آسیانینک خانلیقی چنکیز خان‌نینک اوغلی چاغتای خانغه تکدی. اول اوزی مسیحی ایردی. انینک خانلیقیغه ایلی تاریم یورت‌لاری و ایران‌نینک مشرق شمالی کیردی. خانلیقی‌نینک مغرب ولایت‌لاری‌نینک خلقی اسلام دینیغه کیرکان ایردی و ۱۲۵۰ دین تارتیب اسلام دینی خانلیق‌نینک باشقه یر لاریده هم کوچلوق بولدی — ۱۲۷۰ نجی یلدا وفات بولغان دراق اتانغان خان اوزی مسلمان بولدی .

چاغتای‌نینک وقتیدا تنجلیق ایردی لیکن انینک وفاتیدین کین چنکیز خان نینک نبیره‌لاری یورت تالاشیب .بربری بیلان جنک قیلیشیب خلقغه بی‌آراملیق یتکوزور ایردی . اوکتای خان‌نینک اولادیدین بولغان **کایدو خان** ۱۲۶۶ نجی یلدا چاغتای اولادیدین ایلی بیلان کاشغر ولایت‌نی تارتیب الدی لیکن ۱۳۰۱ نجی یلیدا اول یورت‌لار ینه چاغتای‌نینک خانلیقیغه قوشولدی .

مغول‌لارنینك زمانیدا مسیحیلیك دینی اوترا آسیادا رواجلیق تاپار ایردی. قرا قورامداکی خان‌نینك اهل بیت‌لاری‌نینك بعضی‌سی مسیحی بولغان ایردی. اول وقتدا مسیحیلیك خاقانغه یته تارقاتیلور ایردی. کاشغردا کلیسانینك بر چونکی اولتورور ایردی و مارکو پولو دیگان علمدار ایتیب بریب دورکه یارکندده ایکی کلیسا بار ایردی.

۱۳۱۸ نجی یلدا ایلی بیلان کاشغر ولایتی اوزینی چاغتای خانلیقیدین آیریدی اما ۱۳۶۰ نجی یلدا ینه قوشولدی. اول وقتدین تارتیب اسلام دینی باشقه دین‌لارنی باسیب اوترا آسیانینك دینی بولور ایردی.

# تیمورلنك و انینك سلطنت سلسله‌سی

چاغتای سلطنت سلسله‌سی ۱۳۶۰ نجی یلیدا یوقالدی و انینك اورنیدا ترك جنسیدین بولغان تیمورلنك اتلیق مغولیستان‌نینك بر امیری پادشاه بولدی. تیمورلنك تولا جنك قیلیب ایران ، گورجستان و جنوبی روسیه داکی خانلیقی‌نی اوزیگا تابع قیلیب ۱۳۹۵ ده موسقواغچه چیقتی. ۱۳۹۷ و ۱۳۹۹ دا شمالی هندوستان نی الدی اندین کین سوریه دین بر چونك حصه‌نی الیب ۱٤۰۲ ده اناطولی‌غه کیریب انقره شهری‌نینك یانیدا ترك‌لارنی قاتیق اوروب مغلوب قیلدی. اندین خاقانغه هجوم قیلماقچی بولدی لیکن شونی تیمور لنك قیلماسدا ۱٤۰۵ ده وفات بولدی. تیمور لنك عالم‌نینك همه‌دین چونك جنك قیلغوچیلارنینك بری ایکان لیکن تولا ظالم و ناحق قان توکوچی ایردی دیب تاریخ یازغوچیلار ایتورلار.

تیمور لنك‌نینك اولادلاریدین بولغان **ظاهرالدین محمد** شمالی هندستانداکی دهلی و آغرا شهرلارینی الیب هندستانداکی اولّقی چونك مغول خان بولوب بر هندی ایمپراطورلوقی بنا قیلدی. انینك ایمپراطورلوقی اوغلی **اکبر** واسطه‌سی برله تخی محکم بولور ایردی.

قازاق ـ اوزبك‌لار ۱۵۰۰ نجی قرن‌نینك آخریدا و ۱٦۰۰ نجی قرن‌نینك

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دسلابیدا رواجلیق تاپیب تیمورلنک‌نینک اولادی‌نینک سلطنتیکا زیان یتکوزور ایردیلار. اوزبک‌لار طوران بیلان ایران‌لاردین آرالاش بر خلق بولوب چنگیزخان‌نینک اوغلی جوچی خان‌نینک اولادلاری ایکانمیزدیب خیال قیلور ایردیلار . اولار بخارا ، خیوه و قوقند ده خانلیق‌لار بنا قیلور ایردیلار. اول وقت‌دا ترک‌لار عاجزلاشیب ینه بر چونک حکومت پیدا قیلالماس ایردیلار.

مغول‌لارنینک حکومتی توشکاندین کین التای بیلان مغرب سبیریاداکی ترک‌لار آزاد بولدیلار. ۱۴۰۰ نجی یلدین کین اولارنینک مغرب حصه‌سی اشین دریاسی‌نینک یانیدا بر حکومت پیدا قیلدی. بو حکومت آز وقت‌دین کین ایکیکا بولاندی. لیکن تخمیناً یوز یل کین قازاق‌لار کلیب مذکور ایکی مملکت‌نی الیب اوزیکا چونک بر حکومت پیدا قیلدیلار.

## مغول‌لارنینک حکومتی عاجزلاشیب کچیکراک بولغان‌نینک بیانی

۱۳۴۸ نجی یلدین تارتیب خاقان‌نینک باشقه باشقه طرف‌لاریده خلق حکومتیکا ضد قوپوب انقلاب چیقارور ایردی چونکه مغول سلطنت قیلغوچیلاردین ناراضی بولغان ایردی . انقلاب چیقارغان سردارلارنینک آراسیدا چو یوان چانک ناملیق بر کشی بار ایکان. آخر سلطنت‌نی اوز قولیغه الیب مینک دیکان خانلیق سلسله‌سی نی بنا قیلدی مونینک بیلان خاقانیستان مغول‌لارنینک قولیدین کتی .

۱۳۷۰ نجی یلدا مغول‌لار شنشی، شانشی و کانسو تاغ‌لاریدین هبدالدی و برنچه یلدین کین چنگیز خان‌نینک اوز وطنیده کرولن دریاسی‌نینک یانیدا مغلوب بولدیلار. ایکی یلدین کین خطای‌لار خامی یاکه قول‌نی الغانی بیلان کاروان یول لاریغه بر آچقو تاپقان ایردیلار.

اول وقت خاقاندین هیدالکان مغول‌لار ینه قرا قورام شهرینی اوزیکا پای تخت قیلیب بایقال تینکیزی‌نینك جنوب بیلان مشرق جنوبیداکی مغول‌لارنی اوزیکا تابع قیلدیلار. بو مشرق خالیق مغرب مغول‌لارنینك اوستیکا توزور ایردی لیکن فقط اوترا آسیاداکی ایلوتلیق‌لار (قالماق‌لار) اولارغه اطاعت قیلور ایردیلار.

خاقانیلار مغول‌لارنی مغلوب قیلغاندا ایلوتلیق‌لار اوز خواجه‌لاریغه وفاسز بولغالی باشلادیلار و خاقانیلار مغول‌لارغه هجوم قیلغاندا ایلوتلیق‌لار مغول‌لارغه یاردم برمای بلکه بعضیدا دوشمن‌نینك طرفیکا اوتوب الدی. لیکن بعضیدا اولار بیلان خاقانیلار آراسیدا دوشمنچیلیك پیدا بولور ایردی. ۱۴۴۹ونجی یلدا خاقانی قیصر اورولوب اسیر قیلیندی و ایلوتلیق‌لار پیکین‌غچه چیقتیلار.

تخمیناً ۱۵۵۰ نجی یلدین تارتیب مغول‌لار ایلکاری‌دیك جنك قیلمایدورغان بولدیلار. سبب شو ایردیکه بر روحانی قوّت یعنی بوُدهی دین اولارغه غالب کلکان ایردی. لیکن خاقانیستانداکی بوُدهی‌دین ایماس بلکه تیبت‌داکی لاما دینی مغول‌لارنینك دینی بولدی.

# ایلوتلیق‌لارنینك (قالماق‌لارنینك) اوترا آسیاداکی حکومتی

مغرب مغول قبیله‌لاریدین بولغان ایلوتلیق‌لار بارغان ساری اوترا آسیادا بر چونك حکومت پیدا قیلور ایردی (خاقانداکی مانجورلار اول وقت یورت ایچیده چیقّان انقلاب‌لار بیلان مشغول ایردیلار.)

ایلوتلیق‌لارنینك امیری **کالدان** اتانیب ۱۶۷۴ ونجی یلدا تخت‌کا اولتوردی. اول اوز تربیتی‌نی لاسا شهریده تاپیب لاما مذهبی‌نینك یاردمی بیلان چونك کوچ تاپقان ایردی. اول فقط سونکاریه و ایلی‌نی اوزیکا تابع قیلماقچی بولمای

ئەۋلاد گۈزۈپېسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بلکه کاشغر ولایتی‌نی هم تارتیب الیب ۱٦۷۸ نجی یلدا آندا بر مسلمان سلطنت سلسله‌سیدین بر پادشاه‌نی تیکلادی. کالدان هم مغولیستانغه هجوم قیلیب ۱٦۸۸ ده مشرق مغول‌لارغه غالب کیلدی. و قاچقونلارنینک بعضیلاری خاقانغه قاچقاندا تیبتلیک‌لارنینک مذهبیغه یولانیب اولارنی منکا تاپشوروب بریشکلار دیب خاقانیلاردین طلب قیلدی. اول وقت قیصر بر قوشون ایباریب کالدان‌نی مغلوب قیلدی لیکن کالدان تخی تنج تورمای خاقان‌نینک سرحدلاریکا هجوم قیلدی. قیصر اچیغلانیب ینه بر قوشون ایباریب ایلوتلیق‌لارنینک قوشونی‌نی یوقاتتی و کالدان یالغوز و تاشلانغان بولوب اولدی (۱٦۹۷).

کالدان اولگاندین کین مشرق مغول‌لار و ایلوتلیق‌لارنینک تنگی خاقانغه تابع بولدی و کالدان‌نینک بر نبیره‌سی رابدان خاقانیلارغه یارده برگانی اوچون ایلوتلیق‌لار نینک مغرب یورت‌لاری اوستیکا سلطنت قیلغوچی بولدی لیکن پات فرصت‌ده خاقانیلارغه خیانت قیلیب ۱۷۱۷ده لاسا شهریکا عسکر بیلان باریب خاقاندین یولانکان لاما کاهن‌نی اسیر قیلیب اوز چوره‌سیکا تیبت‌نینک کاهن‌لارینی یغدی. لیکن تیبت‌نی اوزیکا تارتالمای قالدی چونکه قیصر بر قوشون ایباریب رابدان‌نی تیبت‌دین چیقاریب بر ینگی لامانی توختاتیب تیبت‌لیک‌لارنی باققالی بر قوشون‌نی لاسا شهریده قویدی.

هر قایداغ بولسه ایلوتلیق‌لار تیبت‌ده مغلوب بولغانی بیلان عاجز بولمادیلار. ۱۷۳۱ نجی یلی رابدان‌نینک بر اوغلی خاقانیلارنی انداغ مغلوب قیلدیکه **یوزنک چنک** قیصر انینک بیلان صلح قیلماقی‌نی لازم کوروب ایلوتلیق‌لار ایلی و سونگاریه‌غه سلطنت قیلیشقه معقول بولدی.

لیکن پات یقیندا ایلوتلیق‌لارنینک پادشاهلیق اورداسیدا تخت تالاشماغلیق بولدی و امیرداوانسی امیر امورسانانی چیقاریب اتی. امورسانا قاچقاندا **کیئن لونک** قیصر انکا یارده بریب انینک بیلان بیله بر قوشون ایباریب انی ایلیده سلطنت قیلغوچی توختاتیب قویدی. ینگی خان‌نی یولارمیز دیب امداد قوشونلارنی یورت‌دا سالدی.

لیکن آمورسانا پات خطای‌لارغه خیانت قیلیب اولارنی چیقاریب اتقالی خواهلار ایردی. ١٧٥٦ نجی یلدا ایلوتلیق‌لارنینک یورتیدا بارهمه خطای‌لار اولتورولدیلار. فقط چاوحوئی دیکان سردار اوز قوشونی بیلان قاچیب قوتولدی. خاقانیلار چاوحوئی‌غه چونکراق قوشونلار برکاندین کین اول ینه هجوم قیلیب ١٧٥٧ نجی یلدا ایلوتلیق‌لارنینک قوشونلارینی سیندوردی. خلق‌نینک قالغانلاریدین بعضی‌سی روسیه‌غه قاچیب کیتتی و بعضی‌سی خطای‌لاردین کانسوغه کلتورولکان اوچون سونکاریه و ایلی یقینا خلق‌سز قالدی. چاوحوئی هم جنوبی تاریم یورت‌لاریغه هجوم قیلیب قاتتیق سوقاش قیلغاندین کین کاشغر یارکندنی مغلوب قیلیب آلدی. کاشغرنینک امیرلاری بدخشانغه قاچیب انداکی سلطاندین پناه تیلادیلار و لیکن سلطان اوز یورتی‌نینک سرحدلاریده خاقانی قوشون تورغانی‌نی بیلیب امیرلارنی اولتوروب اولارنینک باشی‌نی پیکین شهریکا ایباردی (١٧٥٩).

چاوحوئی تاریم جنوبی یورت‌لاری‌نینک ساکن‌لاریدین خلق‌سز بولغان ایلی و سونکاریه‌غه الیب باردی. ایلکاری ایلوتلیق‌لارنینک خانی و کاشغرنینک امیرلاری‌نینک قول استیداکی ولایت‌لار ایمدی خاقانغه تابع بولدی و اندا خاقانی منصبدارلار قویولدی. کاشغر، یارکند، ختن، آقسو، کوچار، اورومچی، و ینه برنچه چونک شهرلارده خاقانی عسکرلار توختاتیلدیلار. اول وقت خاقانیلارنینک کوچی اوترا آسیادا انداغ چونک ایردیکه فرغانه و افغانیستان‌نینک امیرلاری خاقانی قیصرغه سوغات‌لار کلتورور ایردیلار.

# جنوبی تاریم یورت‌لاری‌نینک ایلوتلیق توشماسده و توشکاندین کینکی وقتداکی احوالی‌نینک بیانی

جنوبی تاریم یورت‌لاریدا خواجه‌لارنینک زمانی خلی ایلکاری باشلانغان ایردی. اوزینی پیغمبر اولادی دیکان خواجه‌لار پیدا بولوب یورت ایچیده عزّت‌لیک بولدیلار.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شهر امیرلاری یورت تالاشیب عاجزلاشقاندا خواجه‌لار اوزی خواهلاغانلارینی پادشاه قیلدیلار. کیم پادشاه بولسه اصل سلطنتنی خواجه‌لار قیلدیلار. خواجه‌لارنینک زمانیدا میرزا ابابکر قرق سکز یل سلطنت قیلدی. اول ترکستاننینک جنوب طرفلارینی، فرغانه بیلان بر نچه باشقه یورتلانی تابع قیلیب چونک پادشاه بولدی.

تاریخ میلاد مسیح‌نینک ۱۵۱۱ نجی یلی چنگیز خان‌نینک اولادیدین سلطان سعید دیگان خان میرزا ابابکر بیلان جنک قیلیب اندیجان طرفیده توتلوق دیگان بر یرده ابابکرگا غالب کیلدی. اندین کین کاشغر، یارکند شهرلارینی الیب اندا پادشاه بولدی. میرزا ابابکر تبتکا قاچقاندا اوز خلقیدین اولتورولدی. خواجه‌لار نینک زمانیدا هر شهرده بر پادشاه بار ایردی لیکن خواجه‌لار بر بریکا ضد تورادورغان ایکی فرقه‌گا بولوندی. بر فرقه‌نی آق تاغ ینه بر فرقه‌نی قرا تاغ دیدیلار. آق تاغلیق مغوللاردین قرا تاغلیقلار پامیر تاغلاریداکی خلقلاردین مدد تاپتیلار. آق تاغلیقلارنینک باشی خواجه هدایت‌الله ایردی. انی هم حضرت آفاق یاکه آفاق خواجم دیرلار. خواجه هدایت‌الله قالماقلاردین مدد ایستادی مونینک بیلان ایلکاری بیان قیلینغاندیک تمام یورت قالماق بیلان تیبتلیکلارنینک قولیغه توشتی.

تاریخ میلاد مسیح‌نینک تخمیناً ۱۷۵۰ ده خواجه برهان‌الدین و انینک اینی‌سی آق تاغلیق‌نینک باشلاری بولوب قالماقلار بیلان تیبتلیکلارنینک یاریلیقی برله ترکستان نینک شمال طرفیده سلطنت قیلدی لیکن ایلکاری بیان قیلینغاندیک خاقانیلار ینه کلیب تاریخ میلاد مسیح‌نینک ۱۷۵۹ نجی یلی تمام ترکستاننی الیب یورتغه ایلی دیب آت قویدی. یورت شهرلاریگا اوتوز تورت امبان قویوب اولارنینک توپه‌سیگا ایلیده جانک جونک قویدی. خاقانیلار یورتنی تولا چینک توتیلار. انینک اوچون خواجه‌لارنینک تولاسی قوقندغه قاچتی. اغینه‌لاری بیلان معتبر بایلاردین هم تولا قاچتی.

# تورتونجی دور

(١٧٥٠ نچی یلدین تارتیب ١٩١٧ نچی یلی بولغان روسیه‌نینك انقلابیغچه بولور)

روسیه مشرقه قیلغان هجومی و خاقانداکی مانجور خانلیق سلسله‌سی مغرب طرفلارکا کوشیش قیلغانی بیلان اوترا آسیادا بر ینکی زمان باشلانادور.

مذکور وقتدین ایلگاری اوروسلار ترك‌لاردین یورت آلغان ایردیلار لیکن اول یورت تلاشی اوترا آسیانینك احوالیغه چونك تأثیر قیلمای ینکی بر زمان پیدا قیلماغان ایردی. — اوروسلار قازاق خانلیقی‌نی ١٥٥٢ سیده و استرخان خانلیقی‌نی ١٥٥٦ سیده الغانی برله مذکور هجوم‌لار باشلانغان ایردی. اندین کین اوروسلارنینك هجوم‌لاری یایك قازاق‌لار قوپوب انقلاب قیلغانی بیلان بر وقتغچه توسالدی. اول انقلاب باسیلغاندین کین مذکور قازاق‌لار اورال قازاقی آتانیب توز میدانلاریداکی قازاق‌لار و ترکی قبیله‌لارنینك ضدیغه اوروسلارنینك یاردمچی لاری بولور ایردی. اوروسلار شمال طرف‌لاریداکی قیلغان هجومی کوچوم خانلیقیدین الغان طومسق‌نی بنا قیلغان‌نی بیلان باشلاب بحر محیط کبیرنینك کناریداکی **اوخوچقه**‌نی بنا قیلغانی بیلان توختایدور.

التیر، التیسار، ایسار و توبا اتلیق تورت قیرغیز قبیله مذکورخلق‌دین. چینکراق طریقه‌ده اوروسلارغه ضدّ تورور ایردی. ١٣٠٠ نچی یلدین تارتیب ١٦٠٠ یلغچه قیرغیزلار بارەسیدین تأریخدا تولا خبر یوق‌دور. چاغتای حکمدار سلسله‌سی یوقالغاندین کین قیرغیزلار تأریخدا ینه ظاهر بولوب ١٧٠٠ قرندا قازاق‌لار بیلان بر بولوب مغول‌لارغه ضدّ تورور ایردیلار. اول وقتدا قیرغیز و قازاق‌لار بر بری بیلان آرالاشقالی باشلادیلار مغول‌لار قیرغیزلارنی قیستاغانی اوچون بعضی قیرغیزلار فرغانه‌غه کوچوب اندا ساکن بولدیلار.

قازاق‌لار ١٧٣٤ ونجی یلدین تارتیب ظاهرده اوروسلارغه تابع بولسه هم

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوروسلار همه مغرب ترکستان‌نی آلماغونچه تمام مغلوب بولمادیلار و ۱۸٤۰ ده چونک اوردانینک سلطانی قاراق‌لارنی بر آزاد حکومت قیلغالی قصدلادی. ۱۸٦٤ ونجی‌یلی اوروسلار قازاق‌لارنی قاماب باشقه اوترا آسیاداکی خلق‌لارنینک معامله‌سیدین کستیلار. ۱۸۷۵ ده تاشکند و اوچ یلدین کین سمرقند اوروسلارنینک قولیغه توشتی و بات یقیندا بخارا روسیه‌غه قایلایدورغان بولدی. قوقند خانلیقی بیلان خیوه ۱۸۷۵ نجی یلی و ترکمانلار ۱۸۸۱ نجی یل مغلوب بولدی. روسیه‌نینک مشرق سرحدی ۱۸۹۵ نجی یلی پامیرغچه توختاتیلغان بیلان روسیه و خاقان‌نینک سرحدلاری توتاش بولغان ایردی.

روسیه‌نینک مدنیتی اول یورتلاردا نهایت آهسته کیرکان ایکان. ایرانلیق ترک‌لار تولاراق عربی بیلان ایران‌نینک قدیمقی مدنیتیکا قایلاب ایکان لیکن تورانلیق ترک‌لار اوروس مدنیتی‌نی بر طریقه‌ده قبول قیلیب‌دورلار.

## خاقانی اوترا آسیا یاکه شینجانک

اوروسلار مشرق طرف‌لارکا هجوم قیلغاندا خاقانیلار مانجور حکمدار سلسله‌سی‌نینک وقتی‌دا اوترا آسیاداکی قدیمقی تابع‌لارینی ینه آلماق اوچون کوشیش قیلدور ایردیلار.

خاقانیلار قالماق‌لارنی مغلوب قیلغاندین کین شینجانک یاکه شرقی ترکستان‌نی تولا چینک توتوب ایمدی بیز یورت‌نینک ایکه‌لاری دیب کورساتور ایردیلار.

ایلکاری دیب بریلکاندیک اول وقت‌نینک خواجه‌لاری‌نینک تولاسی و معتبر بای‌لاردین چونک بر عدد قوقند خانلیقیغه قاچار ایردیلار لیکن خواجه‌لار قوقندغه قاچقانی برله ینه یورت‌نی تالاشیب توردی تاریخ ۱۸۱٦ نجی یلی جهانکیر خواجه قوشون بیلان کلیب کاشغرنی الیب انداکی همه خاقانیلارنی اولتوردی.

ينه بر يلدا آقسونى هم آلدى ليكن خاقانيلار جهانكير خواجه‌نى توتوب ١٨٢٥ نجى يلىدا خان‌نينك بيوروقى بيلان اولتوردى. ليكن يورت‌نى قولىغه تمام الالمادىلار.

تاٴريخ هجرى‌نينك ١٢٦٤ ونجى يلىدا خاقانيلاردين ايكى يوز مينك عسكر كلادور ديب خبر بولغاندا خواجه‌لار و يورت خلقيدين تولا آدم‌لار فرغانه‌غه قاچتيلار. خاقانيلار يورت‌نى قولىغه اليب اون يلغچه توتيلار. ١٢٧٤ نجى يلى تاٴريخ ميلادنينك ١٨٥٧ نجى يلى ولى‌خان خواجه فرغانه‌دين كليب كاشغردا قالغان خواجه‌لارنينك ياريليقى برله اوزينى پادشاه قيلدى. خاقانيلارنى هم اولارغه خدمت قيلغانلارنى و ينه باشقه تولا كشى‌لارنى اولتوروب نهايت تولا قان توكتى. ليكن شو يلى خاقانيلار كليب شهرنى اليب ولى‌خانغه ياريليق بركانلارنى اولتوردى. ولى‌خان اوزى آدم‌لارى بيله قاچيب كتّى.

اول وقت ايچيده تولا اوروش و انقلاب غلبه‌لارى بار ايردى اصل چيندا تاى پينك انقلابى ديكان غلبه ١٨٥١ يلدين تارتيب ١٨٦٤ ونجى يلغچه قيلينيب توردى.

يوناندا مسلمانلار اوزيكا سلطان سليمان ديب نام قويغان تو ون سو ١٨٥٧ نجى يلى قوپوب ١٨٧٣ ونجى يل مغلوب بولدى و سونكاريه‌ده تونكانلار ١٨٦١ نجى يلى انقلابغه قوپقان ايرديلار.

شينجانكدا مذكور اوروشلار توكاب بولغاندين كين اوزون وقت تنچ بولمادى. ١٨٦٢ نجى يلى كوچاردا راشدين خان خواجه قوپوب ختندين بولك تيان‌شان تاغى‌نينك جنوب طرفيداكى همه شهرلارنى اليب ايكى يل توتى كاشغرليق لار راشدين خان خواجه‌نى خراهلاماى جهانكير خواجه‌نينك اوغلى بزرك خان توره‌نى چيرلاديلار. تاٴريخ هجرى‌نينك ١٢٨١ نجى يلىدا بزرك خان تورت يوز كشى بيلان كاشغرغه كليب خان بولدى. بزرك خان توره راحت طلب قوليدين ايش كلمايدورغان كشى ايكان. يعقوب بيك ديكان كشى انينك بيلان بولماسه ايردى آقسو و ياركندين

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

کوچارلیق خواجه‌لارنینک قوشونی کلگانده خانلیق‌نی تاشلاب بریب قاچیب کتار ایردی. لیکن یعقوب بیك آقسودین کلگان قوشون‌نی اوروب قاچوردی. اندین تونگانی بیلان بر بولغان یارکندداکی قوشون‌نی هم اوروب قاچوردی. اول وقت‌دین تارتیب بزرك‌خان توره خان آتانغانی برله یعقوب بیك سلطنت‌نی قیلور ایردی.

اندین ایکی یل کین یعقوب بیك بزرك خان توره‌نی خانلیقیدین توشوروب اوزی خان بولوب آتالیق غازی آتاندی. شو یل ختن‌نی حاجی پادشاه یعنی حبیب‌الله مفتی‌نینک قولیدین الیب بش آی مقداری توروب کوچارغه باریب راشدین خان‌نی مخفی اولتوروب انگا تابع شهرلارنی اوزیگا تابع قیلدی. ایلی یعنی تیان‌شان تاغلاری‌نینک شمال طرفیداکی شهرلار تونگانیلارنینک قولیدا ایردی. تاٴریخ هجری‌نینک ۱۲۸٦ نجی یلی یعقوب بیك اولارنی هم آلدی. اول وقت‌دین تارتیب آقسونی پای تخت قیلیب بدولت آتاندی. اندین کین هندوستانغه و باشقه یورت‌لارغه ایلچیلار ایبارور ایردی. اول یورت‌لاردین ایلچیلار هم انگا کلدیلار. اوروستان و انگلیزستان (اینگلیشستان) برله عهد پیمان قیلیشتی. سلطنتی‌نی کوچلاندورماق اوچون یورت‌دا ملتیق، توپ دارو، اوق و آنداغ نرسه‌لارگا کارخانه قیلدوروب تولا عسکر توتّی لیکن یورت فقراءلاریغه تولا باج ترکه عشر و شونینگغه اوخشاش نرسه‌لارنی اغیر قیلیب تولا ظلم قیلدی.

آخر خلق چیدامای خاقانغه عرض مانگدوردی. تاٴریخ میلاد مسیح‌نینک ۱۸۷۷ نجی یلی و مطابق تاٴریخ هجری‌نینک ۱۲۹٤ ونجی یلی خاقانیلار تولا عسکر بیلان کلیب یورت‌نی آلغالی توردیلار. فقراءلار خوش‌بولدیلار. یعقوب بیك اوزی کورلی شهریده ایردی. خاقانیلار تخی کورلی‌غه یتماسده یعقوب بیك اولدی.

یعقوب بیك اولگاندین کین پادشاه‌لیق اوچگا بولاندی. چونك اوغلی بیك قلی یاکه بیك بچه کاشغردا پادشاه بولدی ختننده نیاز حاکم بیك و آقسودا حکیم خان توره حاکم بولدی بو ایکی حاکم پات بیك بچه برله اوروشوب اینگدین شکست یب مغلوب بولدی. لیکن خاقانیلار کلیب آقسونی الیب کاشغرغه یقین کلگانده

بیك بچه اندیجان طرفیکا قاچتی. تأریخ میلاد ۱۸۷۷ نجی یلی خاقانیلار یورتنی ینه قولیغه الیب باج آلبانی ینیکراك قیلیب هر یورتغه مسلمان خلقیدین بیك یوز باشی قویوب قویدیلار. اول وقتدا شرقی ترکستانغه شینجانك دیب نام قویدیلار.

ایلی بر وقتغچه اوروسلارنینك قولیدا تورغان ایکان لیکن تأریخ میلاد مسیح نینك ۱۸۸۱ نجی یلی ایلی‌نینك تولاسی خاقانیلارغه یاندوروب بریلدی.

اندین کین اوزون وقت شینجانك اچیده تنجلیق بولدی. بعضیدا خلق اغیر بولغان خراجت اوچون غوتولداب توروبدور لیکن مذکور اغیر باج خراجت خاقانی لیبغه موافیق بولمای بلکه نا حقلیق قیلغان منصبدارلار اوز اوزیکا فائده الیب خلققه قویوبدور.

۱۹۱۱ نجی یلی یاکه مینك کوه‌نینك اوّلقی یلی مانجور خان سلسله‌سی توشورولدی و خاقانیستان جمهوریت بولدی.

خاقان‌نینك شینجانکداکی حکومتی مکتب و مدنیت اوچون کوشش انچه قیلمابدور و حکومت مکتب اوچون بر نمه قیلغاندا ملالار تولا ضدّ توروب ممکین بولغودیك توسابدور.

# بشینجی دوْر

(۱۹۱۷ نجی یل بولغان روسیه‌نینك انقلابیدین تارتیب بو وقتغچه)

روسیه‌نینك چونك ایمپراطورلوقی توشکانی بیلان روسیه‌نینك اوترا آسیاسیدا بر ینکی وقت باشلانادور. ایمپراطورلوق‌نینك اورنیدا صاویت جمهوریتی پیدا بولدی و بو جمهوریتکا روسیه‌نینك آسیاداکی تابع‌لاری کیردی. اول وقتدین تارتیب اوترا آسیانینك خلق‌لاری ایلکاری‌دین مدنیت‌لیك بولغان و مکتب ایشلاری رواجلیق تاپیبدور لیکن روسیه‌نینك انقلابی خاقانی اوترا آسیاغه آنچه تائثیر قیلمادی.

شینجانك بولسه هم مشرقدین هم مغربدین کسیلکان ایردی چونکه

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

یانک زینک شینک اتلیق جانکجونک صاویت‌نینک تاثیرینی و خاقاندین کلکان ینکی خیال‌لارینی توسار ایردی. اول همه ینکی‌نی توسقانی اوچون ینکی ترقی خواهلاغانلار انی یمان کورور ایردی. ۱۹۲۸ نجی یل جانکجونک‌نینک یامونیدا انقلاب چیقاندا یانک اولتورولدی. لیکن انقلاب چیقارغوچیلار نصرت تاپمای بلکه کهنه خیال‌لاردا بولغان جینک شو رین اتلیق منصبدار انقلابچیلارنی اولتوروب اوزینی جانکجونک قیلدی. یات یقندا معلوم بولدیکه جانکجونک منصبی لایق قولغه توشماب‌دور. جینک سلطنت قیلغان طریقه‌سی نا راضیلیقغه و انقلاب چیقماقغه بر سبب بولدی.

---

# شینجانک‌نینک ینکی زمانی

۱۹۳۳ونجی یلیدا بولغان انقلاب بیلان شینجانکدا بر ینکی زمان باشلاندی. اول انقلاب مذکور وقتدین بر نچه یل ایلکاری قمولدا باشلانغان ایردی. اورومچی داکی جانکجونک انی باسقالی بر نچه مرتبه قمولغه قوشونلار ایباردی. لیکن ۱۹۳۳ دا انقلاب کوچلوق بولوب تمام شینجانکغه تارقاتیلدی. قوشونلارنینک باشی خواجه نیاز حاجی چونک غیرت بیلان جنک قیلیب شهردین شهرکا بارور ایردی. اوّل سردارلارنینک اراسیدا نا اتّفاقلیق پیدا بولدی امّا بارغان ساری برلاشتیلار.

شینک دوبن ۱۲ نجی اپریل ۱۹۳٤ ونجی یلیدا اورومچی شهرینی الغانی بیلان خاقانی شینجانک‌نینک ینکی حکومتی قورولدی. شینک شی سَیْ دوبن ینکی حکومت نینک باشی، لی یونک جو شی و خواجه نیاز حاجی فو جو شی بولدی. بولاردین باشقه لوبین سیلینک، محمود سیجانک و بر نچه باشقه منصبدارلار ینکی حکومت‌نینک ترقّی قیلیشیدا مشهور بولغان ایکان.

بو آخرقی یل‌لار ایچیده تمام شینجانگ‌نینگ شهر بیلان کنت‌لاریده چونک اوبدان مکتب‌لار یاسالدی و نهایت تولا طالب‌لار اوقوغالی باشلاب‌دور.

اورومچی، ایلی، چوچک، آلتای و کاشغر شهرلاریده کزیته‌لار باسیلیب تورادور. و باشقه باشقه طریقه‌ده ینکی حکومت اوزی ترّقی قیلغالی باشلاب آوتوموبیل مانکدورماقه یول‌لارنی کنکروتوب توز قیلیب‌دور.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى